ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى 5



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈچلۈك قىزلىرىمنىڭ ساق-سالامەت

چىچەن، چىرايلىق چوڭ بولىشىنى

چىن كۆڭلۈمدىن تىلەپ قالىمەن.

ئاپاڭلار شەھرىزادەم

2016.5.25



شائىر، يازغۇچى ئەخمەتجان
قۇربان سابىرى 1960 ـ يىلى قور-
غاس ناھىيىسىنىڭ كۆكدالا دې-
قانچىلىق مەيدانىدا ھەربىي ئائىلى-
سىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983 ـ يىلى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدە-
بىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ
تېلېۋىزىيە ئىستانسىغا تەقسىم قى-
لىنغاندىن بۇيان مۇخبىر، مۇھەررىر
بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ئەدە-
بىياتنىڭ ھەممىلا ژانىرىدا ئەسەر
يازغان بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىر،
ناخشا تېكستى، ھېكايە، پوۋېست،
مەسەل، چۆچەكلەرنى ئېلان قىل-
غان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ
يىللىرىدىن باشلاپ ئۇ زېھنىي قۇۋ-
ۋىتىنى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيى-
تىگە بېغىشلاپ، بالىلار ئۈچۈن كۆپ-
لىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.
بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالىلار چۆچەكلىرى
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن
ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا
مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ھازىرمۇ با-
لىلار ئۈچۈن كۆپلەپ ئەسەر ئىجاد
قىلماقتا.

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى 5



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



图书在版编目(CIP)数据

维吾尔族童话/艾合买提江・库尔班编 . —乌鲁木齐:
新疆大学出版社, 2005. 4

ISBN 7 – 5631 – 1969 – 8

I. 维… II. 艾… III. 维吾尔族 – 童话 – 作品集 – 中国
IV. 287. 7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 037707 号

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى ( 5 )

ئاپتورى: ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

* * *

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ جياڭجياڭتۇڭ سوداچەكلىك شىركىتى

فورماتى: 850 × 1168 mm، 1/ 32 ، باسما تاۋىقى: 18. 75

2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2013 - يىل 7 - ئاي 2 - بېسىلىشى

* *

ISBN 7 — 5631 — 1969 — 8

ئومۇمىي باھاسى (1 — 5):55.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار، سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پىسخىكىسىغا ماس كېلىدىغان ئىجادىي بالىلار چۆچەكلىرىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەرنىڭ ھازىرقى زامان پۇرىقى كۈچلۈك، بەزى چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن چۆچەكلەردە ھازىرقى زامان بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ماھىرلىق بىلەن بايان قىلىنغان.

بۇ كىتابتىكى ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق. شېئىرىي چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۈچۈك، رىتىمدارلىقى كۈچلۈك.

بالىلار چۆچەكلىرى بالىلار ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۇزۇن ژانىرلارنىڭ بىرى. بالىلار ئەزەلدىن چۆچەك ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى چۆچەكلەردىكى ھەر خىل مەزمۇنلار بالىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، زېھنىنى ئاچىدۇ. بالىلار ئۆزلىرىگە تەسىر قىلغان چۆچەكلەردىكى ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلىرىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىدۇ.



زامان تەرەققىي قىلماقتا، باللارنى قىزىقتۇرىدىغان تۈرلۈك زامانىۋى ۋاستىلەر كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، باللار چۆچەكلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغان يەنە بىر مەنىۋى كۈچ تېخى بارلىققا كەلگىنى يوق. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى باللار تەربىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىلەر باللار چۆچەكلىرىنىڭ باللارنى تەربىيىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تەكىتلىمەكتە.

باللار چۆچەكلىرى ئالدى بىلەن باللارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئادەتتە ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان باللار ئۆزلىرى كىتاب ئوقۇيالمىغاچقا، ئاتا - ئانىلىرى ۋە تەربىيىچىلىرىدىن چۆچەك ئاڭلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار چۆچەكتىكى ھەر خىل ۋەقەلەرگە قىزىقىپ، يېڭى شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇش بىلەن بىللە، تەبىئىي ھالدا سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ بارىدۇ. باللار چۆچەكلىرى باللارنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ، شۇڭا باللارنى تەربىيىلەشتە باللار چۆچەكلىرىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر باللىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ چۆچەكلىرىگە موھتاج ئىدى. بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەلىپىنى ئاز - تولا بولسىمۇ قاندۇرالايدۇ، دەپ قارايمىز.

ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر باللىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.



# مۇندەرىجە


ياغاچ ئات ........ 1

قىرى بۆرىنىڭ ھىيلىسى ........ 8

ماھارەت ........ 16

توقايلىقتىكى تورغاي ........ 23

ئاق قۇشقاچنىڭ كىيىم ئىزدىشى ........ 29

تۈلكىنىڭ بۆرىنى بابلىشى ........ 34

بەگۋاش پاقلان ........ 41

چېكەتكىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى ........ 47

يورەكگۈل ........ 53

موڭگۇزلۇق ئېشەك ........ 62

قاناتلىق ئەنزەر ........ 68

ئاق كۆكۈل دۆۋە ........ 73




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مايمۇننىڭ دەريادىن ئۆتۈشى.................. 78
سېھىرلىك دۇتار.......................... 84
جازانىخور ۋە غاز.......................... 91
ئەركىن سىزغان رەسىملەر.................. 97
بۇغا، تۈلكە، بۆرە.......................... 103
ياچىۋەك بىلەن چېكەتكە.................... 108





# ياغاچ ئات

مۇراتنىڭ دادىسى ياغاچچى ئىدى، دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا دەپ بېرىشىچە بوۋىسىنىڭ بوۋىسىمۇ ياغاچچى ئىكەنتۇق. مۇراتلارنىڭ يېزىسىدا ئۇنىڭ دادىسىدەك ئۇستا ياغاچچى يوق ئىدى. ئۇ باشقىلارغا تۇرلۇك ئۆي جابدۇقلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ ياساپ بېرەتتى، ياسىغان بەزى جابدۇقلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. مۇرات بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ياغاچچىلىق دۇكىنىغا كىرىپ دادىسىغا ياردەملىشەتتى. يەنە بەزىدە دادىسى ئىشلەتمەيدىغان پارچە ياغاچلاردىن تۇرلۇك جابدۇق ۋە ئويۇنچۇقلارنى ياسايتتى. دادىسى ئۇنىڭمۇ ياغاچچى بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغاچقا، مۇراتقا ئالاھىدە كىچىك كەكە، ھەرە، رەندە دېگەندەك ياغاچچىلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ بەرگەندى.



مۇرات دادىسىدىن ئۆگىنىپ يۈرۈپ ياغاچچىلىققا قولى خېلىلا كېلىپ قالدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ياساپ ئوينايتتى.

مۇرات بىر كۈنى مومىسىدىن « ياغاچ ئات » دېگەن چۆچەكنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن دائىم دېگۈدەك ئاشۇ ياغاچ ئات ھەققىدە ئويلايدىغان بولدى.

—تۇۋا، ياغاچ ئاتمۇ ئۇچالامدۇ؟ ئوڭ قۇلىقىنى تولغاپ قويسا ئۇ-چۇپ، سول قۇلىقىنى تولغاپ قويسا قونىدىكەن. ھەي، مېنىڭمۇ ئا-شۇنداق بىر ياغاچ ئېتىم بولۇپ قالسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! بۇرۇنقى ياغاچ ئاتلار ئۇچقان يەردە ھازىرقى ياغاچ ئاتلار نېمىشقا ئۇ-چالمايدۇ، توختاپتۇر، مەن شۇنداق بىر ياغاچ ئات ياسايكى...

مۇرات ئەنە شۇ خىيالنى قىلغان كۈندىن باشلاپ ياغاچچىلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ، دادىسىنىڭ دۇكىنىنىڭ كەينىدىكى جىگدى-لىكنىڭ ئادەم كۆرمەيدىغان يېرىگە بېرىۋېلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ياغاچ ئات ياساشقا باشلىدى. مۇرات تاماق يېيىشنى، بالىلار بىلەن مۆ-كىمۆكىلەك ئويناشنى ئۇنتۇپ ياغاچ ئات ياسىدى. ئارىلىقتىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ياغاچ ئات پۈتتى. ياغاچ ئات قوم قەغەز سۈر-كۈلۈپ سىلىقلانغاندىن كېيىن تولىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىردى. مۇراتنىڭمۇ ئۆزى ياسىغان بۇ ئاتقا تولىمۇ ھەۋىسى كەلدى. ئۇ ياغاچ ئاتنى ساۋاقداشلىرى ۋە مەھەللىدىكى دوستلىرىغا كۆرسەتمەكچى بول-غان بولسىمۇ، ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس دەپ ھەتتا دادىسىغىمۇ كۆر-سەتمىدى.

« ئوڭ قۇلىقىنى تولغىسا ئۇچىدىكەن، سول قۇلىقىنى تولغىسا قونىدىكەن». مۇراتنىڭ مومىسى ئېيتقان «ياغاچ ئات» دېگەن چۆچەكتىكى مۇشۇ گەپ مۇراتقا بەك تەسىر قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى ياسىغان ياغاچ ئاتنىڭ ئوڭ قۇ-لىقىنى تولا تولغاپ سۈندۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى، لېكىن



ياغاچ ئاتنىڭ مىدىرلاپمۇ قويماي تۇرۇشى ئۇنى بەك خاپا قىلدى. ئۇ مەكتەپتىن كېلىپلا جىگدىلىككە يوشۇرۇپ قويغان ياغاچ ئېتىغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا مىنىپ ئۇزۇن قۇلىقىنى خېلى ئۇزۇنغىچە تولغىدى، بىراق ياغاچ ئات مىدىرلاپمۇ قويمىغاچقا، ئېرىكىپ جىملە بولۇپ كەتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مۇرات ياغاچ ئاتتىنمۇ زېرىكتى، شۇڭا ئۇ قولىغا كەكىسىنى ئېلىپ ياغاچ ئاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىچە سۆزلەپ كەتتى:

— مومامنىڭ چۆچىكىدىكى ياغاچ ئاتنىڭ ئۇزۇن قۇلىقىنى تول-غىسا ئۇچىدىكەن، سەن نېمىشقا ئۇچمايسەن؟ مەن سېنى تەستە ياساپ چىقسام، خۇددى قاتۇرۇپ قويغان بوتتەك تۇرساڭ سېنى قانداقمۇ ئات دېگىلى بولىدۇ؟ بولدى، مەن سېنى چاناپ ئوتۇن قىلىپ قالۇۋېتىمەن!

...مۇرات كەكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياغاچ ئاتنى چانىۋەتمەكچى بولغاندا، چوڭ ئادەملەرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— سەۋر قىلغىن، ئالدىرىمىغىن، مېنىڭ ھازىر تېخى ئۇچىدىغان ۋاقتىم بولمىدى.

مۇرات بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كەكە كۆتۈرگەن قولىنى ياندۇرۇۋېلىپ، بۇ ئاۋاز نەدىن چىقىۋاتقاندۇ دېگەندەك ئەتراپقا قارىدى.

— نەگە قاراۋاتىسەن؟ مەن سېنىڭ ياغاچ ئېتىڭ، ھازىر مېنىڭ تېخى ئۇچىدىغان ۋاقتىم كەلمىدى. مېنى ياساپ ئۇزۇن قۇلىقىمنى تول-غاپ قويساڭلا ئۇچۇپ كېتىدىغان نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بار ئىكەن.



ئەگەر مېنى ئۇچسەن دېسەڭ مېنىڭمۇ ساڭا قويىدىغان تە-لەپلىرىم بار، ئاشۇ تەلەپلىرىمنى ئورۇندىساڭ ... — ياغاچ ئات گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي جىم تۇرۇۋالدى.

— قانداق تەلەپلىرىڭ بار؟ ئەگەر سەن ئۇچىدىغانلا

بولساڭ قانداق تەلىپىڭ بولسا ئورۇندايمەن، قېنى تېز دېگىن. ياغاچ ئېتىدىن زوۋان چىققانلىقىدىن خۇشال بولغان مۇرات ھاياجىنىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى.

— بولىدۇ، ئەمىسە تەلەپلىرىمنى ئاڭلاپ باققىن، سەن سىنىپىڭدىكى ساۋاقداشلىرىڭ ۋە مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن تولا سوقۇشىسەن، شۇنداقمۇ؟

— بۇ، بۇ، ئۇلار بىكاردىن ئادەمنى...

— سوقۇشقىنىڭ راستمۇ؟ ياغاچ ئات ئاۋازىنى يۇقىرىراق چىقىرىپ سورىدى.

— راست.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن سوقۇشمايسەن.

— ماقۇل، — مۇرات بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن شۇنداق دېدى.

— سەن ھازىر دەرستە سىنىپ بويىچە ئارقىدا، مۇئەللىم دەرس سورىسا تىرنىقىڭنى تاتلاپ تۇرىسەن، ئىمتىھاندىن دائىم ئۆتەلمەيسەن ...شۇنداقمۇ؟

— دائىم ئەمەس، بەزى چاغدا ئۆتۈمەنغۇ، — مۇرات يەنە بىر قېتىم قىزىرىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— بۇنىڭدىن كېيىن دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەلاچى بولۇشنى قولغا كەلتۈرىسەن، بولامدۇ؟

— بىراق، بۇ بەك... ، ماقۇل، مەن چوقۇم تىرىشىمەن.

مۇرات ياغاچ ئاتنىڭ ئۆچىدىغانلىقىغا قىزىقىپ بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدى.



— دەرسلەردە ئەلاچى بولغاندىن باشقا، سىنىپىڭدىكى

قىز ساۋاقداشلىرىڭنى بوزەك قىلىدىغان ئادىتىڭنى تاشلىيسەن، بولامدۇ؟ — ياغاچ ئات يەنە سورىدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — مۇرات ئەمدى ئىككىلىنىپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تېز - تېز جاۋاب بېرىشكە باشلىدى.

— مەھەللىدىكى باللار بىلەن چالما كېسەك ئېتىپ ئوينىمايسەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ.

— رەگەتكەك بىلەن قۇشلارنى ئاتمايسەن.

— بولىدۇ.

— قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزمايسەن.

— بولىدۇ.

— باشقىلارنى ئاغزىڭنى بۇزۇپ تىللىمايسەن.

— بولىدۇ.

— ئەدەپلىك، چىرايلىق سۆزلەشنى ئۆگىنىسەن.

— ماقۇل.

— ئاتا - ئاناڭ بىلەن مۇئەللىملىرىڭ قىل دېگەننى قىلىپ، قىلما دېگەننى قىلمايسەن.

— ماقۇل، ماقۇل.

— ياغاچچىلىقنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىسەن.

— ماقۇل.

— هازىرچە مېنى ئۆزۈڭنىڭ كارىۋىتىڭنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغىن.

— ماقۇل، ماقۇل.



شۇ كۈنى مۇرات ياغاچ ئاتنى جىگدىلىكتىن قايتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


كېلىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مۇراتتا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ مەكتەپتە ئەدەپلىك، تىرىشچان بالىغا ئۆزگەردى. مەھەللىدىكى ئورۇنسىز ئويۇن - تاماشىلارغا ئارىلاشماي كىتاب ئوقۇدى. دادىسىدىن ياغاچچىلىقنى داۋاملىق ئۆگەندى. ئۇنىڭ-دىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداش-لىرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئەسلى ئۇ سىنىپتىكى دەرستە ناچار ئو-قۇغۇچىلار قاتارىدا بولۇپ، كەپسىز، بەڭۋاش ئىدى. بىراق، ئۇ بىردىنلا ئەدەپلىك، كۆيۈمچان، تىرىشچان بالىغا ئايلاندى. دەرستىمۇ تېز ئىل-گىرىلەپ، سىنىپتىكى ئەلاچى بالىلارغا يېتىشىۋالدى. قۇشقاچلارغا تاش ئېتىپ ئوينايدىغان رەگەتكىسىنى ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە يىللىق ئىمتىھان ئالىدىغان چاغلارمۇ يېتىپ كەلدى، بۇ چاغدا مۇرات تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى. بىلمىگەن، چۈ-شەنمىگەن مەسىلىلەر ئۇچرىسا مۇئەللىمى ۋە ساۋاقداشلىرىدىن سوراپ ئۆگەندى. نەتىجىدە ئۇنىڭ يىللىق ئىمتىھان نەتىجىسى سىنىپ بو-يىچە بىرىنچى بولدى. مەكتەپ ئۇنى تەقدىرلىدى، ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇ-نىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. مۇرات شان - شەرەپكە ئېرىشكەن چاغدىمۇ مەغرۇرلانمىدى.

مەكتەپ تەتىلگە قويۇپ بەرگەندىن كېيىنمۇ مۇرات تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ تۈگەتتى. شۇ چاغدىلا ئۇ ياغاچ ئېتىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ چىقىپ ھېلىقى خىل-ۋەت جىگدىلىككە ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىنى تولغىدى.

— بولدى، بولدى، ئەمدى سەن مېنىڭ قولىقىمنى تولغىمىساڭمۇ بولىدۇ، — ياغاچ ئاتتىن يەنە زۇۋان چىقتى.



— سەن مەن دېگەن تەلەپلەرنى تولۇق ئورۇندىدىڭ،

ئەمدى سەن ماڭا تەلپىكىنى دېسەڭلا ئورۇندايمەن، موماڭ ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكتىكى ياغاچ ئات گەپ قىلالمايتتى، مەن گەپ قىلالايمەن، سېنىڭ دېگىنىڭنى ئورۇندىيالايمەن، ئەمدى بۇيرۇق چۈشۈرگىن.

—ماقۇل، ماقۇل، سەن مېنى ئېلىپ ئاسماندا ئۇچقىن!

—ئۇنداق بولسا ماڭا مىنگىن!

مۇرات ياغاچ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. مەھەللىدىكى باللار ئۈستەڭ بويى ۋە يول بويىدا ئويناۋاتاتتى، مۇراتنىڭ ئۇلارغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى.

—سەن ئاۋۇ باللارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويغىن!

مۇراتنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ياغاچ ئات پەسلەپ ئۇچۇپ، باللارغا يېقىنلاشتى. بۇنى كۆرگەن باللار ھەيران بولۇپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

—ياغاچ ئات، ياغاچ ئات، مۇراتنىڭ ياغاچ ئېتى ئۇچۇۋاتىدۇ!

ياغاچ ئات باللارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ يەنە بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. مۇرات ئەمدى بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان ياغاچ ئېتىغا قاردى، ياغاچ ئات قاناتلىق تۇلپارغا ئايلانغاندى. ئۇلار بۇلۇتلاردىن ھالقىپ قوياشقا يېقىنلاشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قېرى بۆرىنىڭ ھىيلىسى



قويۇق ئورمان قاپلاپ تۇرغان
تاغ ئېتىكىدە،
ياشايدىكەن بىر توپ ئارقار
شادلىق ئىلكىدە.
ئۆتكەچ ئۇلار دائىم بىللە
ئىجىل ۋە ئىناق،
ئۆتىدىكەن كۈنلەر بۇندا
بەكمۇ شاد، قوۋناق.
ئىناقلىقتىن تاپقاچ ئۇلار
كۈچ ۋە قۇدرەتنى،
دۈشمەنلىرى چېكەر ئىكەن
پىغان، ھەسرەتنى.
ئاشۇ تاغقا ئانچە يىراق
ئەمەس بىر يەردە،
ياشايدىكەن نەپسى يامان



قېرى بىر بۆرە.
قېرىلىقتىن ماغدۇرىدىن
كېتىپ قالغاچ ئۇ،
يۈرۈيدىكەن گاھىدا توق،
گاھىدا ئاچ ئۇ.
بۇرۇنقىدەك ئارقارلارنى
ئۇۋلىيالماپتۇ،
ئارقار ئۆتسە يېنىدىن ئۇ
قوغلىيالماپتۇ.
غەم يەپتۇ ئۇ: «ئەمدى قانداق
قورساق توقلارمەن،
ھالا قورساق ئۆڭكۈرۈمدە
قانداق ئۇخلارمەن.»
كۈندە شۇنداق ھەسرەت چېكىپ
يۈرگەن چاغدا ئۇ،
تونۇش ئاۋاز ئاڭلاپ قاپتۇ
يېقىن تاغدا ئۇ.
قۇلاق سالسا ئارقارلارنىڭ
ئاۋازى ئىكەن،
مەشرەپلەردە قىلغان شادلىق
ناۋاسى ئىكەن.
شۇڭا تاغقا يول ئاپتۇ ئۇ
مىڭ بىر جاپادا،
تاغ ئىچىگە نەزەر ساپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۆكۈپ قىيادا.
بۆرە كۆرۈپ ئارقارلارنىڭ
ئىناقلىقىنى،
تاتلىغاندەك بوپتۇ بىرسى
ئۈسكۈ ئىچىنى.
«توختاپ تۇرۇش مەن سەنلەرنى
جايلايچۇ ئەپلەپ،
گۆشلىرىڭنى يەيمەن جەزمەن
چىشىمنى بىلەپ.»
قېرى بۆرە يەنە يېڭى
ئامال ئىزدەپتۇ
ئارقارلارغا سالام قىلىپ
كۈلۈپ سۆزلەپتۇ:
«سالام دوستلار مەن بىر قېرى
بىچارە بۆرە،
تېنىم ئاجىز يۈرەلمەيمەن
بەزىدە تۇرە...»
ئۇنى باشتا ئارقار كۆرۈپ
سەتلەپ، قوغلاپتۇ،
قېرى بۆرە قۇۋلۇق قىلىپ
قاقشاپ يىغلاپتۇ.
«سىلەر مېنى ئۇنچىۋالا
كۆرمەڭلار يامان،
مەن سىلەرگە يەتكۈزمەيمەن



هەرگىزمۇ زىيان.
سىلەر چىقىپ كەتكەن چاغدا
يىقىن - يىراققا،
قارا سىيەتلەر كېلىپ قالسا
ئەگەر بۇ باغقا،
باللارغا ئۇلار زىيان
سالماي قالارمۇ؟
قورسىقىنى تويغۇزماستىن
قويۇپ يانارمۇ؟
بولىدى ئەمدى باللارنى
مەن بېقىپ بېرەي،
مېنى مەندەك بولسا ئۇلار
ھەم يېتىپ بېرەي.
قېرىپ قالدىم ئەمدى مېنىڭ
باشقا ئىشىم يوق،
ئىشىم ئەمدىلەر چۈشۈپ بولدى
بىر تال چىشىم يوق.»
ئارقار باشتا تۇرۇپ قېلىپ
ھېچنېمە دېمەي،
كېيىن دەپتۇ: «ئىشىمنى قىل
غېمىمنى يېمەي.»
بۆرە قاقشاپ تۇرۇۋالغاچ
يەنە يالۋۇرۇپ،
«گۇناھىمنى يۇيسەن» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىغلاپ، ئاھ ئۇرۇپ.
ئارقار ئۇنىڭ گەپلىرىگە
ئىشىنىپ قاپتۇ،
ئۇنى ياۋاش بۆرىكەن دەپ
ئىشىنىغا ساپتۇ.
شۇندىن كېيىن يىراقلارغا
كەتكەندە ئارقار،
بۆرە بىلەن ئوينايدىغان
بوپتۇ باللار.
ئارقارنىڭ شوخ باللىرى
كۆنۈپ ئۇنىڭغا.
ئەركىلىشىپ دەپتۇ ئۇنى
«ئەي ياۋاش ئانا.»
باللارنى بەزلەپ يۈرۈپ
كۈلدۈرۈپ بۆرە،
ئوينىتىپتۇ بوينىغا ھەم
مىندۈرۈپ بۆرە.
بۇنى كۆرۈپ ئارقارمۇ بەك
بوپتۇ خاتىرجەم،
رەھمەت دەپتۇ بۆرىگە ئۇ
بولدۇڭ دەپ ھەمدەم.
ئەمدى ئارقار يىراقلارغا
كېتىۋېرىپتۇ،
گاھى كەچتە ئۆيگە قايتماي



يېتىۋېرىپتۇ.

قايتىپ كەلسە باللىرى

تۇرغاچ شادىمان،

ئۇ بۆرىنى ھۆرمەتلەپتۇ

دوستۇم دەپ ھامان.

بىر كۈنى ئارقار يېنىپ كەلسە

ئۆيىگە كەچتە،

بۆرە يىغلاپ ئولتۇرغىنىدەك

پەگادا پەستە.

«نېمە بولدى؟» دەپ سورىسا

بۆرىدىن ئارقار،

ھۆڭلاپ تۇرۇپ بۆرە شۇ چاغ

يىغلاپتۇ زار - زار.

«يوقاپ كەتتى بالىلارنىڭ

تۇنجىسى بۈگۈن،

ئەمدى ماڭا يورۇق كۈنمۇ

بولدى قاراغۇن.

تاپالمىدىم تاغنىڭ ھەممە

يېرىنى ئىزدەپ،»

ئارقارنى ئۇ قۇچاقلاپتۇ

يىغلاپتۇ ئۈنلەپ.

ئارقار ئىزدەپ بالىسىنى

تاپالمىغاچقا،

ھەسرەت بىلەن بېشىنى ئۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇرۇپتۇ تاشقا.
شۇنداقتىمۇ بۆرىدىن ئۇ
گۇمانلانماپتۇ،
ئۇنى يەنە قوغلىۋەتمەي
ئىشىغا ساپتۇ.
يەنە ئىككى بالىسىمۇ
يىتىپتۇ ئۇنىڭ،
تولا يىغلاپ ئۈنلىرىمۇ
پۈتۈپتۇ ئۇنىڭ.
قېرى بۆرە يىگەن ئىكەن
ئۇلارنى ئەسلى،
ئارقارغىمۇ ئايان بوپتۇ
بۆرىنىڭ قەستى.
بىر كۈنى ئۇ يالغاندىنلا
چىقىپ سەپەرگە،
دىققەت قىلىپ تۇرۇپتۇ ئۇ
مۆدھىش خەتەرگە.
بۆرە يەنە ئارقارنىڭ بىر
بالىسىنى ئالداپ،
يېمەك بولۇپ تۇرغان چاغدا
قېيناپ ۋە يالماپ.
دەرغەزەپكە كەلگەن ئارقار
ئېتىلىپ چىقىپ،
ئۆلتۈرۈپتۇ ئۇ بۆرىنىڭ



قارنىنى يېرىپ.
ئارقار ئۆچۈن بوپتۇ بۇ بىر
مەڭگۈلۈك ساۋاق،
بۆرە دېگەن بۆرە هامان
دوست بولماس هەر ۋاق.





www.uyghurkitap.com





# ماھارەت

شىر ھايۋانات دۆلىتىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىدىكىلەرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپتۇ. قويۇق ئورمانلار ئارىسىدىكى ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىغا ھايۋانات دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ماھىرلار يىغىلىپتۇ. مەيداننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى سەھنىدە شىر، يىلپىز، بۇغا، پىل قاتارلىقلار ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتىنىڭ نازارەتچىلىرى ئىكەن.

يىلپىز ئالدى بىلەن شىرغا ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پائالىيەتنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.



قائىدە بويىچە ھەرقانداق بىر ھايۋان ئۆز ماھارىتىنى ئىختىيارىي كۆرسەتسە بولىدىكەن، لېكىن خېلى ئۇزۇنغىچە مەيدانغا ھېچكىم چۈشمەپتۇ. مەيداندا ھايۋانلارنىڭ كۆپ

بولغىنىغا قارىماي بىرخىل تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. بۇ خىل ھالەت شىرنى سەل تېرىكتۈرۈپتۇ، شۇڭا ئۇ ئالدىدىكى شىرەگە بىرنى مۇشتلىغاندىن كېيىن ۋارقىراپتۇ:

— باشقا چاغدا قىيا - چىيا قىلىپ جاھاننى بېشىڭلارغا كىيەت-تىڭلار، ئەمدى ھەممىڭلارنىڭ زۇۋانى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىغۇ، بىز سىلەرنى قانداق ماھارىتىڭلار بولسا شۇنى كۆرسىتىڭلار دەۋاتىمىزغۇ.

شىرنىڭ سۆزىدىن كېيىن سورۇننى يەنە بىردەم جىمجىتلىق بېسىپتۇ. شىرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان يىلپىز، پىل قاتارلىقلار ناھايىتى بىئارام بوپتۇ. شۇ چاغدا توكلىرى قوياش نۇرىدا ھەر خىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مايمۇن مەيدانغا چۈشۈپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى، مەن ماھارىتىمنى كۆر-سىتىپ باقاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قانداق ماھارىتىڭ بولسا كۆرسىتىۋەر-گىن، — شىر خۇشال بولۇپ ئىجازەت بېرىپتۇ.

بۇ مايمۇننىڭ بويىنى، ئېغىزى، ئىڭىكىمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قويرۇقى ئۆزىنىڭ بەدىنىدىنمۇ ئۇزۇن ئىكەن.

مايمۇن ماھارەت كۆرسىتىشكە تەييارلىنىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر قانداق ماھارەت كۆرسىتەركىن دېگەندەك ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن تىكى-لىپتۇ. مايمۇن شۇ چاغدا شۇنداق ھۆركىرەپتۇكى، ئورمانلىقنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. توشقان، قىرغاۋۇل دېگەندەك قورقۇنچاقلار قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. سەھنىدە ئولتۇرغان شىر، يىلپىزلارمۇ بۇ دەھشەتلىك ئا-ۋازنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بوپتۇ. يىلپىز مايمۇننىڭ ماھارەت



www.uyghurkitap.com



كۆرسىتىمەن دەپ ھۆكىرىگەنلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— نېمانچە سەت ھۆكىرەيسەن؟ ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتىڭ، بىزگە ھۆكىرەپ بەرمەي ماھارەت كۆرسەتمەمسەن.

— ئۆزۈڭلار قانداق ماھارەت كۆرسەتسەڭلار ئىختىيارىڭلار دېگەن-تىڭلارغۇ؟

— شۇنداق، قانداق ماھارەت كۆرسەتسەڭ بولىۋېرىدۇ، — يىلپىز ئاچچىقىنى تەستە بېسىپ شۇنداق دەپتۇ.

— ئەمىسە مەن ماھارىتىمنى كۆرسەتتىمغۇ.

— قايسى ماھارەتنى؟

مايمۇن تېخىمۇ كۆچەپ ھۆكىرەپ ئورمانلىقنى زىلزىلىگە ساپتۇ. توشقان، قىرغاۋۇللار قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن يىلپىزمۇ قەھر-غەزەپكە كېلىپ، مايمۇننى سەھنىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا شىر يىلپىزنى توختىت-ۋاپتۇ.

— توختاپ تۇرغىن، سەن خەقنى ماھارەت دەيسەن، ما-ھارەت كۆرسەتسە سەھنىدىن ھەيدەيسەنغۇ؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇ ماھارەت كۆرسەتمىگەن تۇرسا.

— ئۇنىڭ بايىقى ھۆكىرىگىنى ماھارەت بولماي نېمە؟ — شىر-نىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يىلپىز ئىشىنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلىمىغانلى-قىدىن خىجىل بوپتۇ. پىل قاتارلىقلارمۇ شىر پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ.

— مېنىڭچە، مايمۇن ناھايىتى ياخشى ماھارەت كۆر-سەتتى. ئۇنىڭ ھۆكىرەش ماھارىتى ھەقىقەتەن قالتىسكەن،



مەن ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولدۇم، ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىمەن. شىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مايمۇن ئۇنىڭ ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپتۇ ـ دە، ھاياجان بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ:

— مەن ئامازون يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدىن كەلگەن، تولۇق ئىس-مىم ھۆركىرىگەك مايمۇن، مېنىڭ ئاشۇ يامغۇرلۇق ئورماندا زېمىن تەۋەلىكىم بار. ئەگەر باشقىلار مېنىڭ زېمىن تەۋەلىكىمگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولسا كۈچەپ ھۆركىرەيمەن. زېمىن تەۋەلىكىمگە ئورۇن-سىز باستۇرۇپ كىرمىگەنلەر بىلەن ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتىمەن. مەن كۈچەپ ھۆركىرىسەم بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقتىكىلەرمۇ ئېنىق ئاڭلىيالايدۇ.

— يارايسەن، بىز سېنى دۆلىتىمىزنىڭ خەۋەرچىسى قىلىپ ئىشلىتىمىز، بۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىسەن!

شىرنىڭ پەرماندىن كېيىن ھۆركىرىگەك مايمۇن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ، باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىشىپتۇ.

— يەنە قايسىڭلار ماھارەت كۆرسىتىسىلەر؟ ئۆزۈڭلارمۇ كۆر-دۈڭلار، شاھىمىز ماھارىتىڭلارغا قاراپ مۇۋاپىق خىزمەت بېرىدۇ! — دەپتۇ يىلپىز ئالمان ـ تالمان.

— ئەمدى قايسىڭلار ماھارىتىڭلارنى كۆرسىتىسىلەر؟ — پىلمۇ ئوردىدىكى ئەمىلىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولغاندەك ئۇ-يان ـ بۇيان مېڭىپ قويۇپتۇ.



شۇ چاغدا قۇشلار توپلىشىپ ئولتۇرغان تەرەپتىن بىر قۇشنىڭ مەن ماھارىتىمنى كۆرسىتىپ باقاي، دېگەن ئاۋازى

ئاڭلىنىپتۇ. ھەممەيلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپتۇ. شۇ چاغدا چاي-كىدىن سەل چوڭراق، لېكىن چىرايلىق، بەدىنى ئاق، پەنجىلىرى سې-رىق بىر قۇش مەيدانغا چۈشۈپتۇ. قۇشلار «بىزدىمۇ ماھارەت كۆرسە-تىدىغانلار بار ئىكەن» دېگەندەك پەخىرلىنىپ ۋىچىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ شىر پادىشاھ قاتارلىقلارغا سالام قىلغاندىن كېيىن ماھارەت كۆر-سەتمەكچى بوپتۇ. ھەممەيلەن ئۇ قانداق ماھارەت كۆرسىتەركىن دەپ تىمتاس بولۇپ تۇرغاندا، بىر ئادەمنىڭ باشتا بوش، كېيىن قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شىر پادىشاھ ۋە يىلپىزلار ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ۋەھىمە بىلەن ئەتراپقا قاراپتۇ، بىراق ئەتراپتا ئادەم تۇرماق، ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار شۇ چاغدىلا قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان ئادەم ئەمەس، بەلكى ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان قۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپتۇ. باشقا قۇشلار خۇشال بولۇپ ماھارەت كۆر-سىتىۋاتقان قۇشنىڭ كۈلكىسىگە جۆر بولۇپ سايراپتۇ.

— ماھارىتىڭ قالتىسكەن، كۈلۈش پەقەت ئادەملەرگىلا خاس ئە-مەس، بىزمۇ مانا مۇشۇنداق كۈلۈشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مەن سېنىڭدىن رازى بولدۇم، سەن دۆلىتىمىزنىڭ كۈلكە ـ چاقچاق ئۆمە-كىنىڭ باشلىقى بولغىن، قېنى ئۆزۈڭنى كۆپچىلىككە بىر تونۇشتۇ-رۇۋەتكىن.

— مەن ئاۋستراليىدىن كەلدىم، ھازىر مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. مەن ئادەملەردەك كۈلەل-گەچكە، مېنى «كۈلگۈنچەك قۇش» دېيىشىدۇ. مەن باشتا بوش، كېيىن بايىقىدەك ناھايىتى جاراڭلىق كۈلەلەيمەن.

— ئەمدى جايىڭغا بېرىپ ئولتۇر! — دەپتۇ يىلپىز ئەتراپقا



كۆرەڭلىك بىلەن قاراپ، — بايا شاھ ئالىيلىرىدىن ئاڭلىدىڭلار، دۆلىتىمىزدە كۈلكە - چاقچاق ئۆمىكى قۇرۇلىدىكەن، كۈلگۈنچەك قۇشنى ئۆمەككە باشلىق قىلدى. لېكىن، بۇ ئۆمەكنىڭ ئەزالىرى يوق، شۇڭا يەنە كۈلەلەيدىغانلار بولسا مۇشۇ يەردە ماھارەت كۆرسەتسە، ئۇنىڭغىمۇ كۈلكە - چاقچاق ئۆمىكىدىن ئالاھىدە خىزمەت بېرىلىدۇ.

«خىزمەت بېرىلىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا زېرىكىپ ئولتۇرغان بۆرە مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ شىر قاتارلىقلارغا سالام قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بايىقى كۈلگۈنچەك قۇشتىنمۇ ئاشۇرۇپ كۈلەلەيمەن. ئەسلى كۈلكە - چاقچاق ئۆمىكىگە مەن باشلىق بولسام بولاتتى، بىكاردىن ئۇ كۈلگۈنچەكنى باشلىق قىلىپ قويدۇڭلار، — بۆرە باشلىق بولۇش تاماسىدا يەنە بىرمۇنچە غۇدۇراپتۇ.

— ئۇنداق بولسا كۈلۈپ باقمامسەن! — بۆرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان يىلپىز ئۇنىڭغا قوپال تېگىپتۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، — يىلپىزنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن بۆرە كۈچۈكلىنىپتۇ. ماھارەت كۆرۈۋاتقانلار بۆرە قانداق كۈلەركىن دېگەندەك ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن تىكىلىپتۇ. بۆرە شىر پادىشاھقا بىر قارىۋېتىپ كۈلۈپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ كۈلكىسى كۈلكە ئەمەس ۋەھىمىلىك بىر ھۇۋلاش بوپتۇ. ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ ئارىسىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. شىر بىلەن يىلپىزنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ، يىلپىز غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:



— ھەي، سەت ھۇۋلىشىڭنى قانداقمۇ كۈلكە دېگىلى بولىدۇ، سەن بىزنى تولا ئەخمەق قىلماي تېز يوقال! — بۆرە قۇيرۇقىنى ساڭگىلىتىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

— ھەقىقىي كۆلەيدىغانلار بولسا مەيدانغا چۈشسۇن!

يىلپىزنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھايۋانلار يەنە جىمىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇش مەيدانغا چۈشۈپ، سالام قىلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

— مەن برازىلىيىنىڭ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىن كەلدىم، ئىسمىم قوڭغۇراق قۇشقاچ.

ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسى جاراڭلىق ھەم ياڭراق بولۇپ، قوڭغۇراقتەك ئاۋازى مەيداننى جانلاندۇرۇپ، يىراقلارغا تاراپ كېتىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭرىتىپتۇ.

مەيداندا يەنە نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆزىگە خاس ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. شىر پادىشاھ ئۇلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.





# توقايلىقتىكى تورغاي

توقايلىقتا تورغاي ئۇستا ناخشىچى بولغاچقا، ئۇنى ھەممە ماختايدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى خالايدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇ ھەركۈنى تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدىكەن.

مەن بەك ئۇستا ناخشىچى،
تاڭ سەھەردە سايرايمەن.
مەن ئويغاتقاچ قۇياشنى،
شادلىقىمدىن يايرايمەن.
سۆيۈنىدۇ ناخشامدىن،
بارچە جانلىق، تاغ، دەريا.
مېنى ماختاپ كۈلىدۇ،
ھەربىر چېچەك، گۈل - گىياھ.



راست دېگەندەك، توقايلىقتىكى ھەممەيلەن تورغاينى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ئالدىدىلا ماختاپ كېتىدىكەن. بىراق، تورغاي توقايلىقتىكىلەرنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىكەن.

www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ مەقسىتى ناخشامنى ھەقسىز ئاڭلىۋېلىش دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى تورغاي «مەن ھەركۈنى تاڭ سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، توقايلىقتىكى بۇ بىر نېمىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىپ نېمە قىلارمەن. مېنىڭ ئۇلارنى ئويغىتىپ قويۇش ۋەزىپەم بارمىتى. بولدى، بولدى، ئەتىدىن باشلاپ سەھەر قوپماي ئۆزۈمنىڭ ئويقۇسىنى ئۇخلايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. تورغاي ئۆزىنىڭ بۇ قارارىدىن سۆيۈنۈپتۇ.

تورغاي قۇشلارغا پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن تاجىسى قۇياش نۇرىدا جىلۋە قىلىدىكەن. ئۇ جاۋاھىراتلاردىن بېزەلگەن ئالماس تەختتە ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغۇدەك. ئەتراپىدا ئاق قۇشقاچ، تۇمۇچۇق، كاككۇك، بۇلبۇل قاتارلىقلار ئۇنىڭغا خۇشامەت بىلەن ئېگىلىپ، قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن شاھىم دەپ تۇرغۇدەك. تورغاينىڭ ئۇلارغا گەپ قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ ئوردا ئاشپەزلىرى تەييارلاپ بەرگەن ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، شېرىن شەربەتلەرنى ئىچىپتۇ. تورغاي ئالماس تەختتە ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغاندا، ئوردا خەۋەرچىسى ئالاھىدە بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەپتۇ:

—پادىشاھىم، سىزگە دېمىسەك بولمايدىغان بىر خەۋەر بار ئىدى.

—ماڭا ئېيتمىساڭلار بولمايدىغان قانداق خەۋەركەن ئۇ؟ —

تورغاي خۇشياقمىغاندەك سوراپتۇ.

—بۈركۈت ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەپتىكەن.

—كىرسۇن!

تورغاينىڭ سۈرلۈك ۋە ياڭراق ئاۋازىدىن كېيىن ئوردىغا بۈركۈت كىرىپتۇ.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى.

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نېمە ئىشىڭ بار؟



تورغاينىڭ سۇرلۇك ئاۋازىدىن قورقۇپ تورغان بۆركۆت پەس ئاۋازدا جاۋاب بېرىپتۇ:

—مەن سىلىگە خىزمەتتە بولاي دەپ كەلگەنىدىم.

—سەنمۇ؟! —تورغاي بۆركۆتكە مەنسىتمىگەندەك يەنە بىر قېتىم نەزەر تاشلاپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — سەن مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن ماڭا نېمە خىزمەت قىلىپ بېرەلەرسەن؟

—مەن سىلىگە ۋەزىر بولايمىكىن دەيمەن.

تورغاي بۆركۆتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

—نېمە، سەن تېخى ماڭا ۋەزىر بولماقچىمۇ؟ ماڭا ۋەزىر بولۇشنى شۇنچە ئاسان چاغلاپ قالدىڭمۇ؟

—سىلىنىڭ دۇتارچىلىرى بولساممۇ رازى ئىدىم.

—دۇتار چالالامسەن؟ — تورغاي بۆركۆتكە سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپتۇ، — ئۇنداق بولسا مەن ناخشا ئېيتاي، سەن تەڭكەش قىلىپ چېلىپ باق.

—ماقۇل، ماقۇل، كېرەملىك شاھىم.

ئوردىدىكىلەر بۆركۆتكە دۇتارنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ. بۆركۆت دۇتارنى تەڭشەپ، تورغايغا «قايسى ناخشىغا چالىمەن» دېگەندەك قاراپ قويۇپتۇ. بۆركۆتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن تورغاي «شاھ تورغاي» دېگەن پەدىگە چالغىن دەپتۇ. بۆركۆت دۇتارنى ماھىرلىق بىلەن چاپتۇ، تورغاي ناخشىسىنى باشلاپتۇ.

شاھ تورغاينىڭ ئاۋازى،
بىزنى خۇشال قىلىدۇ.
ئۇ بولغاچقا قۇياشمۇ،
تاڭ سەھەردە كۈلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شاھ تورغاي بەك ئەقىللىق،
ھەممە ئىشنى بىلىدۇ.
ئۇ بولغاچقا بىزگىمۇ،
بەخت، ئامەت كېلىدۇ.
ياشاپ كەتكىن شاھ تورغاي،
بىز بەختىيار سەن بىلەن.
سېنى مېھمان قىلايلى،
ھەسەل، ناۋات، قەن بىلەن...

تورغاي ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، تۇمۇچۇق ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىپتۇ.

—تورغاي، تورغاي! ھەرھالدا ئۇنىڭ جېنى باردەك قىلىدۇ. ئۇ كۆزىنى ئاچماي ئۇلۇغ - تەتۈر ناخشا ئېيتىۋاتىدىغۇ. تورغاي، تورغاي! ھەي، بۈگۈن نېمە بولغاندۇ ئۇنىڭغا...

شۇ چاغدا تورغاي ئويغىنىپتۇ. ئۇ شېرىن چۈشىنىڭ تەسىرى بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئاس-تا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدا ياتقانلىقىنى، تۇمۇچۇق، ئاق قۇشقاچ، بۆدۈنە، كەكلىك قاتارلىقلار ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان-لىقىنى كۆرۈپتۇ. بىراق، ئۇ ئۇيقۇدىن تولۇق ئويغىنىپ بولالمىغاچقا، ئۇلارغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ غۇدۇراپتۇ.

—مەن دېگەن شاھ تورغاي، بۈركۈتنى ۋەزىر قىل-مايمەن، ئۇ مېنىڭ دۈتارچىم بولسا بولغۇدەك...

تورغاينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تۇمۇچۇق قاتارلىقلار پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

—تورغاي، سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ گېپىڭنى چۇ-



شىنەلمىدۇققۇ؟ — ئاق قۇشقاچ تورغايدىن مۇلايىملىق بىلەن سوراپتۇ.

— ئاگەي، — تورغاي بېشىنى تاتىلاپتۇ.

تۇمۇچۇق قاتارلىقلار تورغاينىڭ ساق - سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ.

— بۈگۈن ئەتىگەن سەن ئويغانمىغاچقا، ھەممىمىز ئۇخلاپ قاپتۇق، بەزىلىرىمىز ئويغانغان بولساقمۇ تورغاي ناخشا ئېيتمىدى، تېخى بۇرۇن ئوخشايدۇ دەپ ئۇخلاۋېرىپتۇق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرغان بولساقمۇ، يەنىلا ناخشاڭ ئاڭلانمىدى، شۇڭا بىز سېنى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ يوقلاپ كېلىشىمىز. ھېلىمۇ ياخشى ساق - سالامەت ئىكەنسەن، بىزنىڭ بۇ توقايلىقتا سېنىڭ ناخشاڭ بولمىسا بولمايدىكەن.

تورغاي تۇمۇچۇق قاتارلىق دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى كۆيۈنگەنلىكىدىن بەكمۇ خىجىل بوپتۇ. «دوستلىرىم ماڭا شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتسا، مېنىڭ خىيالىم ۋە چۈشۈم نېمە دېگەن كۆلكىلىك - ھە، مەن بۈنىڭدىن كېيىن باشقا خىيالدا بولماي تېخىمۇ سەھەر قوپۇپ، ئۇلارغا ناخشا ئېيتىپ بەرسەم بولغۇدەك.»

شۇنىڭدىن كېيىن تورغاي تېخىمۇ سەھەر تۇرۇپ، دوستلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بوپتۇ:

قوپۇڭلار دوستلار تاڭ ئاتتى،
ئۇخلىماڭلار، ياتماڭلار.
بۇرۇن قوپۇپ قۇياشتىن،
يېڭى ئىشنى باشلاڭلار.
قوپۇڭلار دوستلات تاڭ ئاتتى،



توقايلىقتا ئوينايلى.
يېڭى كۈننىڭ مېھرىدىن،
ھۇزۇر ئېلىپ ياyرايلى.
قوپۇڭلار دوستلار تاڭ ئاتتى،
بىللە ناخشا ئېيتايلى.
پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا،
ھۇزۇنلۇقنى تاشلايلى.



# ئاق قۇچقاچنىڭ كىيىم ئىزدىشى



ئاق قۇشقاچ ئۆزىنىڭ پەي - تۈكلىرىگە قاراپ خاپا بولۇپ قاپتۇ:

— ھەي، كىيىملىرىمنىڭ پەقەت تايىنى يوق، رەڭگى سەت، باش- قىچە ئالاھىدىلىكىمۇ يوق ئىكەن. ئالدىمىزدىكى بايرامغىچە باشقىلار ھەيران قالغۇدەك ئالاھىدە بىر كىيىم كىيسەم بولاتتى، ئۇنداق كى- يىمنى نەدىن تاپارمەن؟

شۇنداق خىياللارنى قىلغان ئاق قۇشقاچ ئاخىرى ئۆزىنىڭ يېڭى كىيىم ئىزدەش سەپىرىنى باشلاپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن كۆزگە كىمنىڭ كىيىمى چىرايلىق كۆرۈنسە شۇنىڭ كىيىمىنى سوراپ كىيمەكچى بوپتۇ. ئاق قۇشقاچ ئىزدەپ يۈرۈپ خامىلېئوننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. خا- مىلېئوننىڭ كىيىمى بەكمۇ رەڭدار تۇيۇلۇپتۇ - دە، ئۇنىڭ- دىن:



— دوستۇم خامىلېئون، ساڭا ئازراق ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ھاجىتىمدىن چىقالارسەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە ئاق قۇشقاچ، سېنىڭمۇ باشقىلارغا ھاجىتىڭ چۈشىدىكەن -ھە، قېنى دېمەمسەن، نېمە ھاجىتىڭ بار ئىدى؟

— كىيىمىڭنى ماڭا بېرىپ تۇرغان بولساڭ، بايرامدا كىيەي دېگەنىدىم.

— ياق، ياق، مەن كىيىمىمنى ساڭا بېرەلمەيمەن، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن، ئۆزۈڭنىڭ كىيىملىرىمۇ ياخشىغۇ، مېنىڭ كىيىمىمنىڭ نەرىگە قىزىقىپ قالدىڭ؟

— سېنىڭ كىيىمىڭ بەك رەڭدار ئىكەن، — دەپتۇ ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرخىل رەڭگە ئۆزگىرىدىكەن. كىيىمىڭنى بەرمىسەڭمۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆگىتىپ قويساڭ بولاتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خامېلېئون كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— مەن ساڭا بۇ ھۈنەرنى ئۆگىتىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ سەن ئۇنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەيسەن.

خامېلېئوننىڭ گېپى ئاق قۇشقاچنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپتۇ.

— نېمە؟ سەن ئۆگەنگەننى مەن نېمىشقا ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن؟

—ئاق قۇشقاچنىڭ ئاۋازى قاتتىق چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالما، مېنىڭ بەدىنىمدە بار ئالاھىدىلىكلەر سېنىڭ بەدىنىڭدە يوق، شۇڭا...

— نېمە، نېمە؟ — چىداپ تۇرالمىغان ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاپ كېتىپتۇ، — سەندە قانچىلىك ئالاھىدىلىك بار ئىدى، كىيىمىڭنى سوراپ قويسام ئەجەب كۆرەڭلەپ كەتتىڭغۇ.

— كۆرەڭلىگىنىم يوق، راست گەپ قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ بەدىنىمدە بىر تۈگمەس رەڭ ئامبىرى بار. ئۇنىڭدا



قىزىل، قارا، سېرىق، كۆك، قوڭۇر...... قاتارلىق خىلمۇخىل رەڭ ھۆجەيرىلىرى ساقلانغان. قۇياش نۇرى، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە، مېنىڭ رەڭگىممۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىدۇ. مېنىڭ بۇ ئۆزگىرىشچان كىيىمىم قوغدىنىش قورالىم، ساڭا بۇنى بېرىۋەتسەم مەن خامېلېئون بولماي قالامدىمەن.

خامېلېئوننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئاق قۇشقاچ خاپا بوپتۇ-دە:

— ئەجەب يوغان سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىپسەن، — دېگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ-ئۇچۇپ چارچاپتۇ-دە، بىر دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ ئويلاپتۇ:

— مەن بايرامدا زادى قانداق كىيىم كىيسەم بولار؟ خامېلېئوننىمۇ دوستۇم دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇ ئالىبۇلىماچ كىيىمىنى ئەجەب چوڭ كۆرسىتىپ كەتتى. بولدى، ئۇنىڭ كىيىمىمۇ ماڭا ياراشمىغۇدەك. ئىسمىم ئاق قۇشقاچ بولغاندىن كېيىن، ئاق كىيىم كىيسەم ئىسمىم جىسمىمغا لايىق بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئاق قۇشقاچ ئۆزىگە ئاق كىيىم ئىزدەپ ھەممە يەرگە بېرىپتۇ، بىراق ئاق كىيىم كىيگەن ھايۋانلارنى تاپالماپتۇ. ئۇ ئاخىرى بىر قېرى مايمۇندىن قەيەردە ئاق كىيىمى بار ھايۋانلار بار، دەپ سوراپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ قېرى مايمۇن ئويلىنىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — ئاق كىيىپ يۈرۈيدىغان بىرسىنى تونۇيمەن، بىراق ئۇ بەك يىراقتا، سەن ئۇ يەرگە بېرىپ بولالمايسەن.



— دەپ بېرىڭە، دەپ بەرسىڭىزلا مەن چوقۇم بارالايمەن.

— ئۇ شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن شىمالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇتۇپقا بېرىشىڭ كېرەك.

قېرى مايمۇن ئاق قۇشقاچقا شىمالىي قۇتۇپقا قانداق بارغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلەپ، يول خەرىتىسىنى كۆرسىتىپتۇ. ئاق قۇشقاچ خەرىتىنى ئوبدان كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بىرنەچچە كۈن توختىماي ئۇچۇپ ئاخىرى شىمالىي قۇتۇپقا يېتىپ كەپتۇ. ئاق قۇشقاچ ئاپئاق قار - مۇز بىلەن قاپلانغان، ھاۋاسى ناھايىتى سوغۇق بۇ يەرگە كېلىپ توڭلاپ تىترەپ كېتىپتۇ، ئاخىرى بۇ يەردىن شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنى تېپىپتۇ. شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئاق قۇشقاچنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

—ھەي كىچىك مېھمان، نەدىن كەلدىڭ؟

—مەن ناھايىتى يىراقتىن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم، — دەپتۇ ئاق قۇشقاچ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.

—بۇ يەردىن تېز كەتكىن، سەن بۇ يەردە ياشىيالمايسەن، — دەپتۇ ئېيىق سەمىمىيلىك بىلەن، — نېمە ئىش ئۈچۈن كەلگەنىدىڭ؟

—مەن سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى سوراپ كەلگەنىدىم.

—ھەي، ھالىڭغا بېقىپ گەپ قىلساڭچۇ، مېنىڭ كىيىمىم ساڭا ماس كەلمەيدۇ، ماس كەلگەن تەقدىردىمۇ مەن ساڭا بۇ كىيىمىمنى بېرەلمەيمەن.

—شۇنچە يىراق يەردىن سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى دەپ كەلگەن تۇرسام، يەنە نېمە دەپ بەرمەيسىز؟

—بېرەلمەيمەن، مەن بۇ كىيىمىمدىن ئايرىلسام سوغۇقتا بىردەمدىلا توڭلاپ ئۆلىمەن. مېنىڭ بۇ ئاق تۈكلىرىم ناھايىتى قېلىن، مىكروسكوپتا قارايدىغان بولساڭ، ئىنچىكە نەيچىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئاق تۈكلىرىمنىڭ



ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپلا قالماستىن، قۇياش نۇرىنىڭ 95% ىنى ئىسسىقلىققا ئايلاندۇرالايدۇ. كۆرۈۋاتامسەن، مانا بۇ بەدىنىمدىكى تۈكلەر ئىككى قات بولۇپ، سىرتىدىكى مايلىق قەۋەتتى مېنى قار - شىۋىرغاندىن ساقلايدۇ، دېڭىزدا سۇ ئۈزگەن چېغىمدا دېڭىز سۈيىنىڭ بەدىنىمگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭا جاندىن ئۆتۈدىغان سوغۇق دېڭىز سۈيىدە نەچچە مىڭ مېتىر ئۈزسەممۇ بەدىنىم ھۆل بولمايدۇ.

ئېيىق يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە كىيىمىنى ماختاپ سۆزلەپتۇ. ئاق قۇشقاچ سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمىگەچكە، كەلگەن تەرىپىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئاق قۇشقاچ يەنە تۇزدىن، ياۋا تاغىل ئاتتىن كىيىم سوراپتىكەن، ھېچكىم ئۇنىڭغا كىيىمىنى بەرمەپتۇ. ئاخىرى ھايۋانلار بايرىمى يېتىپ كەپتۇ. ئاق قۇشقاچ بايرامنى يەنە كونا كىيىمى بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق، ھەممە ھايۋانلار ئۇنى يەنىلا ھۆرمەتلەپتۇ، كىيىمىڭىز بەك چىرايلىقكەن دەپ ماختاپتۇ. ئاق قۇشقاچ ئاخىرى ئۆزىنىڭ كىيىمىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى چۈشىنىپتۇ.







# تۈلكىنىڭ بۆرىنى بابلىشى



بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئادەملەرگە يېقىن بىر ئورمان-
لىقتا تۈلكە بىلەن بۆرە ياشايدىكەن. بۆرە كۈچلۈك بولغاچقا دائىم
تۈلكىنى بوزەك قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مىڭ بىر جاپادا ئوۋلىغان ئوۋ نې-
مەتلىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى قارىتىپ قويۇپ يەۋېتىدىكەن، شۇڭا
تۈلكە كۈن بويى ئاچ قورساق يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن.

بىر كۈنى تۈلكە جىگدىلىك ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ بىر قىرغا-
ۋۇلنى تۇتۇۋاپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن تۈلكە ئۆزىنىڭ بۇ ئامە-
تىدىن خۇشال بولۇپ، ئېغىزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپتۇ. ئۇ بۆ-
رىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىرغاۋۇلنى قېرى جىگدە دە-
رىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تازا ئىشتىھا بىلەن يېمەكچى بولۇپ تۇر-
غاندا، بۆرە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۇكام تۈلكە، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟

بۆرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۈلكە قانداق قىلارىنى
بىلەلمەي ھودۇقۇنچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ غەزەپتىن
تۈكلىرى ھۈرپىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۆرىگە چىش يېرىپ
بىر نەرسە دېيەلمەي:



—ئەھۋالىم ناھايىتى ياخشى بۆرە ئاكا، — دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

—يارايسەن، مېنى بىر كۈنى قىرغاۋۇل بىلەن مېھمان قىلىمەن دەۋاتاتتىڭ، ھەقىقەتەن گېپىڭدە تۇرىدىكەنسەن، — بۆرە تۈلكىنىڭ ئالدىدىكى قىرغاۋۇلنى ئالدىغا تارتىپ مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كوكۇراپ كەتكەن تۈلكە تۈكۈرۈكىنى يۇتۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئاچ بۆرە تۈلكىنى «كەلمەمسەن»دەپمۇ قويماي، قىرغاۋۇلنى پاك - پاكىز يەۋېتىپ، خوشمۇ دېمەي كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ تۈلكە قانداق قىلسام بۇ ئاچ بۆرىدىن ئۆچ ئالارمەن دەپ ئويلايدىغان بوپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئادەملەر بار مەھەللىگە بېرىپ بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلماقچى بوپتۇ. شۇڭا ئۇ ئورمانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئادەملەر بار مەھەللىگە قاراپ مېڭىپتۇ. مەھەللىگە ئاز قالغاندا ئۇنىڭغا بىر قويچى بالا بىلەن بىر بۆرە ئىت ئۇچراپتۇ. ئىتنى كۆرۈپ تۈلكىنىڭ يۈرىكى جىغىلدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ. بۆرە ئىتنىڭ تۈلكىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، سالامغا يارىشا سالام قايتۇرۇپتۇ:

—ھە، تۈلكىجان، بۇياققا كەپ قاپتۇققۇ. بىزنىڭ توخۇ، چۈجىلىرىمىزنى كۆپىيىپ قالدى دەپ ئاڭلاپ، قورساق تويغۇزغىلى كەلمىگەنسەن - ھە.



يامان مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقان تۈلكىنىڭ غورۇرى ئازار يەپ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۆرىنى بابلاش بولغاچقا، يەنىلا ئەدەپ بىلەن سۆزلەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



—ئۇنداق دېسەڭلار ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، مەن ئەزەلدىن سىلەرنىڭ توخۇ، چۈجىلىرىڭلارغا قول تەگكۈزمىگەن. بۈگۈن سىلەرگە بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم، ئىشەنسەڭلار دەپ بېرىمەن، ئىشەنمىسەڭلار...

قويچى بالا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

—بىز قايسى گېپىڭگە ئىشىنىمىز، قېنى دېمەمسەن.

—ماقۇل، مەن دەي، — تۈلكە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

—ئاۋۇ تاغنىڭ قاپتىلىدىكى ئاچ كۆز بۆرە ھەققىدە ئاڭلىغان بولغىيتىڭلار، ئۇلار ھازىر ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئىش بىلەن بارغانىدىم، ئۇلار بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە يىغىلىۋېلىپ مەسلىھەتلەشكىلى تۇرۇپتۇ. مەن دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىۋالدىم.

—گەپنى ئۇزارتماي نەق گەپنى دېگىنە، — دەپتۇ بۆرە ئىت نېمىشقىدۇر جىددىيلەشكەندەك بولۇپ.

—ئالدىراتما، ئالدىرىماي سۆزلىسىمۇ بولىدۇ، — پىتراپ كەتكەن قويلىرىنى بىر يەرگە يىغىۋاتقان قويچى بالا شۇنداق دەپتۇ.

—بۆرىلەرنىڭ ئەڭ قېرىسى شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ «ئادەملەر مەھەللىسىنىڭ بىزگە ئەڭ يېقىن دوقمۇشىدا بىر قويچى بالا بىلەن بىر بۆرە ئىت قوي باقىدۇ، ئۇلارنىڭ قوي، پاقلانلىرى سەمرىپ تىقىلىپ كېتىپتۇ. بىز ئىككى كۈندىن كېيىن بېرىپ ئۇلارنىڭ سېمىز پاقلانلىرىغا ئېغىز تېگىپ كېلەيلى» دەيدۇ. شۇ چاغدا بۆرىلەرنىڭ بىرسى «ئۇلارنىڭ قويلىرىغا چېقىلغىلى بولمايدۇ، قويچى بالىنىمۇ بىر ئامال قىلارمىز، ھېلىقى توپاقتەك يوغىناپ كەتكەن بۆرە ئىتنى قانداق قىلىمىز؟»



دېسە، ھېلىقى قېرى بۆرە «سىلەر ئاشۇ كالۋا بۆرە ئىتتىن قورقمۇۋاتامسىلەر، توپاقچىلىك بەستى بولغان بىلەن موزايچىلىك ئەقلى يوق نەرسە، ئۇمۇ بىزنىڭ ئاتا جەمەت تۇغقىنىمىز ئىدى، ھازىر ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىپ تۇغقانچىلىقىنىمۇ ئۇنتۇدى. ئەقلى بولسا بىزدەك مۇستەقىل ياشىماي، ئادەملەرنىڭ قويىنى بېقىپ، تاشلاپ بەرگەن سۆڭەكنى غاجىلاپ جان باقامتى» دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىراڭغۇ بۆرە ئىت ئۆزىنى تۇتالماي نەچچە پىرقىراپ كېتىپتۇ، ئاچچىقىدا دەيدىغان گېپىنىمۇ تاپالماي دۇدۇقلاپ، بىرنەچچىنى قاۋۇۋەتكەندىن كېيىن «ئۇلار زادى قاچان كەلمەكچىكەن؟» دەپتۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

—ئۇلار ئەتە كېلىدۇ، شۇڭا مەن سىلەرگە ئالاھىدە خەۋەر قىلغىلى كەلدىم.

قويچى بالا بىلەن بۆرە ئىت تۈلكىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ ھەمدە تۈلكىنى مېھمان قىلماقچى بولغانىكەن، ئۇ مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. دېمىسىمۇ تۈلكىنىڭ بۈگۈنلا بېجىرمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئىشى بولغاچقا، بۆرىلەرنىڭ قېشىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ.

ئۇ بۆرىلەر مەھەللىسىگە كەلگەندە ئىككى بۆرە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، پۇت - قولىنى باغلاپ، باشلىق بۆرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

—ھە، بۇ گېپى يۇمشاق تۈلكىجان ئىكەنغۇ! —باشلىق بۆرە تۈلكىنىڭ پۇت - قوللىرىنى يەشتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىپتۇ.



—بىزنىڭ بۇياققا قەدىمىڭ يېتىپ قاپتىغۇ، — تۈلكە بايا قاتتىق باغلىۋېتىلگەچكە، زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۇت - قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئىشىم بولمىسا بۇ يەرگە كېلىدىغان ساراڭ ئەمەس، سى-
لەرگە پايدىلىق بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ئاپامدىن بۆرىلەرنىڭ ئاق
كۆڭۈل، باتۇر، مەرت بولىدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان، شۇڭا كىچى-
كىمدىن تارتىپلا سىلەرگە ھۆرمىتىم بار ئىدى. دائىم ئاشۇ باتۇر،
مەرت، ئاق كۆڭۈل بۆرىلەر بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ
ئۆتسەم دەيتتىم. بۈگۈن مەن سىلەرنى ئىزدەپ كېلىپ شۇ ئارزۇيۇمغا
يەتتىم دېسەم، سىلەرنىڭ بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭلارنى
نەدىن بىلەي، تۈلكىنىڭ ئاۋازى پەسلەپ، ئۆزىچە ھۆكرەپ يىغلاپ كې-
تىپتۇ.

— بولدى، بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ. سەن بۇ
يەرگە نېمىدەپ كەلگەنلىكىڭنى تېخى دېمىدىڭ.

تۈلكە خاپا بولغاندەك بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق
دەپتۇ:

— مەن سىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ دوست بولۇشنى كۆڭلۈمگە
پۈككەندىن بۇيان، سىلەرنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. مەن سىلەرنى
كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، ئاپام تولا گېپىڭلارنى قىلىدىغان بولغاچقا،
سىلەرنىڭ تەقى - تۇرقۇڭلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان
ئىدى، شۇڭا سىلەرنى توختىماي ئىزدىدىم. بىر كۈنى ئادەملەر بار مە-
ھەللە تەرەپتىن سىلەرنى ئىزدەپ يۈرسەم بىر چىرايلىق بۆرە كۆرۈندى.
خوشاللىقىمدىن ئۇنىڭغا سالام قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، قوچى-
قىغا ئۆزۈمنى ئېتىپتىمەن، ئەسلى ئۇ بۆرە ئەمەس ئاشۇ مە-
ھەللىدە ئادەملەرنىڭ قويىنى باقىدىغان ئىت ئىكەن. ئۇ
مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلىپ ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە



قىلىپ «مەن بىلەن كۆرۈشكىنىڭمۇ توغرا بوپتۇ، مەن ئاشۇ قەدىرلىك بۆرىلەر بىلەن قان - قېرىنداش، بىراق مەنمۇ تېخى ئۇلار بىلەن دىدارلىشىپ دوست بولۇپ ئۆتۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتىمەن. مەن بۆرىلەر مەھەللىسىنى بىلسەممۇ، ئۇلارنىڭ مېنى سەن ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭ دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارالمايۋاتىمەن. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتمىسەم بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بۆرىلەر مەھەللىسىگە بېرىپ ئۇلارنى باشلاپ كەلسەڭ. مەن بېقىۋاتقان قوي، پاقلانلار سەمرىپ سىلىقلاپ كەتتى. ئۇلار ئەتە تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن كەلسە بۇ قوي، پاقلانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىمىز» دەيدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يېقىندىن بۇيان قوي، پاقلان تۇرماق سېمىزرەك بىرەر توخۇ، ئۆردەك يەپ باقمىغان باشلىق بۆرىنىڭ ئېغىزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ.

—ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كەپسەن، سېنى قانداق تارتۇقلىسام بولار؟

—مېنى تارتۇقلاش كەتمەيدۇ، بۇندىن كېيىن مېنى يېقىن دوستۇم دەپ بىلسەڭلا بولىدۇ، — تۈلكە ساختا مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن باشلىق بۆرە ئايغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر بۆرىلەردىن پاقلان ئەكىلىش گورۇپپىسىنى تەشكىللەپتۇ.



بۆرىلەر مەھەللىسىدە مېھمان بولغان تۈلكە ئۆيىگە قايتىپتۇ. بۆرىلەر ئۇنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بۆرىلەر تاڭ يورۇماستىلا يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار تۈلكىنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئادەملەر مەھەللىسىگە قاراپ

مىڭىپتۇ. سىمىز پاقلانلارنى مەززە قىلىپ يېيىشتىن باشقىنى ئويى-
لىمايۋاتقان بۆرىلەر مەنزىلگە تېزرەك يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپتۇ.
بۆرە ئىت بىلەن قويچى بالا تۈنۈگۈن تۈلكە يەتكۈزگەن خەۋەرگە ئاسا-
سەن مەھەللىدىكى ئۇۋچىلارغا ۋە باشقا بۆرە ئىتلارغا خەۋەر قىلىپ
تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۆرىلەر مەھەللىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن،
ئۇۋچىلار ۋە بۆرە ئىتلار بۆرىلەرنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ سۈرتوقاي قىلى-
ۋېتىپتۇ. بىرنەچچە بۆرە نەق مەيداندىلا ئۇۋچىلارنىڭ ئوقىدا ئۆلۈپتۇ،
تىرىك قالغانلىرى ئېغىر يارىلىنىپتۇ. باشلىق بۆرىنىڭمۇ ئالدى پۇ-
تىغا ئوق تەگكەچكە، دىڭگۈكلىغىنىچە جېنىنى ئاران ئېلىپ قېچىپ-
تۇ.





# بەگۋاش پاقلان

گۈزەل ئىلى ۋادىسىدىكى ئوتلىرى مول بىر ئوتلاقتا بىر توپ قوي ئىجىل - ئىناق ياشايدىكەن. بۇ گۈزەل ئوتلاقنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدىكەن. تاغ ئارىسىدىن بۆرىلەرنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاش- لىرى ئاڭلىنىپ قالىدىكەن. بۇ قويلار ئۈچۈن خەۋپ - خەتەرنىڭ بەل- گىسى ئىكەن، چۈنكى بۆرىلەر پات - پات بۇ ئوتلاققا كېلىپ قويلارغا ھۇجۇم قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇلار سەللا بىخەستەلىك قىلسا، قاراپ تۇ- رۇپ بىرنەچچە قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن. شۇڭا بۇ قويلارغا باش بولۇپ كېلىۋاتقان كۆك قوشقار بىلەن قارا ساقال سەركە قويلارغا ھوشيار بولۇشنى، توپتىن ئايرىلماسلىقنى دائىم تەكىتلەپ تۇرىدىكەن. ئەنە شۇ قويلارنىڭ ئارىسىدىكى قارا كۆز پاقلان تولىمۇ ئەركە ئىكەن. ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي بەزى چاغدا توپتىن ئايرىلىۋالسا، بەزى چاغلاردا سەكرەپ - تاقلاپ كەپسىزلىك قىلىدىكەن. ھە دېسە جېدەل چىقىرىپ، ئورۇنسىز مەرەيدىكەن، ھالىغا باقماي چوڭ قويلارنى ئۇسۇپ خاپا قىلىدىكەن. ئۇنىڭغا ئاپىسىدىن باشقا كۆك قوشقار بىلەن قارا ساقال سەركىمۇ ئەدەپلىك



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇلايىم بولۇشنى، توپتىن خالىغانچە ئايرىلماسلىقنى كۆپ قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ «ماقول» دەپ قويۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى كۆك قوشقار قارا كۆز پاقلانغا ئايرىم نەسىھەت قىپتۇ:

— بىز ھەممىمىز قېرىنداشلار، سەنمۇ توپتىن ئايرىلماي بىز نېمە قىلساق شۇنى قىلىشىڭ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، ئەدەپلىك بولۇشۇڭ كېرەك، بولمىسا ئەدەپسىز ئاتىلىپ قالغىنىڭنى ئاز دەپ، جېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

قارا كۆز كۆك قوشقارنىڭ سۆزىنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتقاندەك باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ كۈندىن كېيىن قارا كۆز بىرنەچچە كۈنگىچە جىمىپ ياۋاشلاپ قاپتۇ. لېكىن، كۆپ ئۆتمەيلا كۆك قوشقارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىپتۇ.

قارا كۆزگە قويلار بىلەن ياشاش ناھايىتى زېرىكىشلىك تۇيۇلۇپتۇ، شۇڭا ئۇ دائىم «بۇلار بىلەن بىللە ئۆتۈش نېمە دېگەن زېرىكىشلىك، بىردەم ئاپام نەسىھەت قىلسا، بىردەم كۆك قوشقار بىلەن قارا ساقال سەركە نەسىھەت قىلىۋاتقان، ئۆزۈم يالغۇز ئەركىن ياشاپ باقسام قانداق بولار، ئاشۇنداق ئەركىن ئۆتىدىغان كۈنلىرىممۇ كېلەرمۇ؟» دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ مۇشۇنداق خىيالنى قىلىۋېرىپ ئاخىرى توپتىن ئايرىلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

بىر كۈنى قويلار ئوتلاقتا تويغۇچە ئوتلاپ قوتانغا بالدۇرراق قايتماقچى بوپتۇ، قارا ساقال سەركە بىلەن كۆك قوشقار قويلارنى باشلاپ قوتانغا قايتىپتۇ. ئۇ كۈنى قارا كۆزنىڭ ئاپىسى ئاغرىپ قېلىپ قوتاندىن كەلمىگەنىكەن،



بۇنى پۇرسەت بىلگەن قارا كۆز باشقىلار دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ توپتىن ئايرىلىۋاپتۇ. قارا كۆز ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، قويلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، خۇددى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك خۇشال بولۇپ تاقلاپ-سەكرەپ، ھاياجىنىنى باسالماي ناخشا ئېيتىپتۇ:

ئەركىنلىككە چىقتىم مەن،
ئەمدى خۇشال ئوينايمەن.
گۈزەل تاغ ۋە ئوتلاقتا،
ناخشا ئېيتىپ يايرايمەن.
مېنى ھېچكىم باشقۇرماس،
پادىشاھ مەن ئۆزۈمگە.
كوتۇلدايدۇ ئاپامۇ،
مەن كەتمەيمەن ئۆيۈمگە.
مېنىڭ ئىسمىم قارا كۆز،
بۆرىدىنمۇ قورقمايمەن.
ئەمدى ئاشۇ قوتاندا،
بۇرۇقتۇم بوپ ياتمايمەن.

شۇ چاغدا تۈلكە بۆرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى قانداق ئورۇندارمەن، دەپ غەم يەپ بۇ ئوتلاققا كەلگەنىكەن. ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىكەن.



يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق باشلىق تاغ باغرىدا بىر بۆرە بىلەن بىر تۈلكە ياشايدىكەن. بۆرە تۈلكىنى ھەرقانداق

ئىشقا سېلىۋېرىدىكەن. تۈلكىنىڭ بۆرە تاپشۇرغان تۈرلۈك ئىشلارنى ئورۇندىغۇسى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئورۇنداشقا مەجبۇر بو-لىدىكەن.

بىر كۈنى بۆرە تۈلكىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ: «تۈل-كىۋاي، ئىككى كۈندىن بېرى كۆرۈنمەيسەنغۇ؟ ئاغرىپ قالغانلىقىمدىن خەۋەر تاپمىغان ئوخشىمامسەن، بېشىم توقماق بىلەن ئۇرغاندەك ئاغ-رىپ كېتىۋاتىدۇ. بايا تېۋىپ كېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ باش ئاغرىقىمغا قارا كۆز پاقلاننىڭ گۆشىدىن باشقا ھېچنەرسە داۋا قىل-مايدىكەن. سەن نەدىن بولسا ماڭا قارا كۆز پاقلاندىن بىرنى تېپىپ ئە-كېلىپ بەر، تېزرەك بولغىن، بولمىسا خوي - پەيلىمنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن». بۆرىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى يالغان بولسىمۇ، قارا كۆز پاقلاننى يېگۈسى كېلىپ قالغانلىقى راست ئىكەن. شۇڭا تۈلكە بۆرى-نىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىماي قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر ئامال قىلىپ بېقىش ئۈچۈن بۇ ئوتلاققا كەلگەنىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىۋاتقان بۇ قارا كۆز پاقلاننى كۆ-رۈپ خۇددى ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، قارا كۆزنى بۆرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بوپتۇ.

—پاھ، پاھ، پاھ، سىز ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتىدىكەنسىز، ئۆزىڭىزمۇ نېمانچە چىرايلىق، قاۋۇل ۋە بەستلىك. بىرلا قاراپ بىلدىم، سىز ھەقىقەتەن قورقماس، باتۇر پاقلان ئىكەنسىز، — تۇ-يۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان قارا كۆز باشتا سەل قورققان بولسىمۇ، تۈلكىنىڭ ياغلىما سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز - ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپتۇ. قارا كۆز تۈلكىنى



پەقەت كۆرۈپ باقمىغانىكەن، شۇڭا ئۇ تۈلكىدىن سوراپتۇ:

— مەن سىزنى بۇرۇن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، سىز كىم بولىسىز؟

— مەن سېنىڭ ئاتا - ئاناڭنى ئوبدان تونۇيمەن، مېنىڭ ئىسمىم تۈلكە. تۈلكە قارا كۆزنى نېمە دەيدىكىن دېگەندەك ساختا مۆلايىملىق بىلەن تىكىلىپتۇ.

— مەن ئىسمىڭىزنىمۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— سەن تېخى كىچىك، كېيىن ئوبدان بىلىپ قالىسەن، مەن سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن. بايىقى ناخشاڭنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، چوڭ بولساڭ چوقۇم داڭلىق ناخشىچى بولىدىكەنسەن. مۇشۇ تاغنىڭ تۆپىدە ئاتا - ئاناڭلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن بىر داڭلىق ناخشىچى بار. ئۇ ناخشا ئېيتىدىغان بولسا يەر - جاھان لەرزىگە كېلىپ، تاغلار تىترەپ كېتىدۇ. ھازىر ئۇ ئۆزىگە شاگىرت قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر خالىساڭ سېنى ھازىرلا ئۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئۇ چوقۇم سېنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىدۇ.

— كېيىن بارايلى، بۈگۈن ئاپام مەندىن ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دەپتۇ قارا كۆز تارتىنغاندەك قىلىپ.

— بۈگۈن شاگىرت تاللاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، بۈگۈن بارمىساڭ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىسەن، — تۈلكە يەنە بىرمۇنچە ياغلىما گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، قارا كۆز تۈلكىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.



قارا ساقال سەركە، كۆك قوشقارلار باشچىلىقىدىكى قويلار قوتانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا قارا كۆزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپتۇ. قارا كۆزنىڭ ئاپىسى بالىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ. بۇنىڭدىن خىجىل

بولۇپ قالغان قارا ساقال سەركە بىلەن كۆك قوشقار قاۋۇل قوشقار ۋە قويلاردىن بىرنەچچىنى ئېلىپ قارا كۆزنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە قارا كۆزنى بۆرىگە يەم بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇنى بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆك قوشقار بىلەن قارا ساقال سەركە يارىلىنىپتۇ. بۇ ئىش قارا كۆز ئۈچۈن ئۇنتۇلماس ساۋاق بوپتۇ. ئۇ كۆك قوشقار بىلەن قارا ساقال سەركىنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۆرە بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقىنىنى كۆرۈپ بەكمۇ تەسىرلىنىپتۇ ھەم ئۆز - ئۆزىگە «مەنمۇ چوڭ بولسام ئۆز توپۇمنى ئاشۇنداق قوغدايمەن» دەپ ۋەدە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كوللېكتىپتىن ئايرىلمايدىغان، بەڭۋاشلىق قىلمايدىغان بوپتۇ.



# چېكەتكىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى



چېكەتكە چىرىلداپ ناخشا ئېيتىپمۇ، دىڭىلداپ سەكرەپمۇ زېرىكىپتۇ. ئۇ ئەمدى ئۆزى تۇغۇلغان ئېگىزلىقنى ياراتماي، بۇ يەردە پەقەت تورغۇسى كەلمەيدىغان بوپتۇ، شۇڭا ئۇ چىرىلداپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

ۋاي مەن ئەجەب زېرىكتىم،
ئاچچىقلاندىم، تېرىكتىم.
يېڭى ھۈنەر ئۆگىنەي،
مەيدەمنى كېرىپ يۈرەي.

چېكەتكە ناخشا ئېيتىپ كېتىۋېرىپ، ئادەملەر ياشايدىغان بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆيىنىڭ پېشايۋىنىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆي سېلىۋاتقان قارلىغاچنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ئەي قارلىغاچ، قارلىغاچ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوبدان ساپسەن ئۆيۈڭنى.
ئۆگىتىپ قوي ماڭىمۇ،
بۇنداق ئوبدان ئىشىڭنى.

قارلىغاچ چېكەتكىنى كۆرۈپ ئۈنەك بىلەن سالاملىشىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئۆگىنىمەن دېسەڭلا،
ئۆگىتىمەن ھۈنەرنى.
ھۈنەر دېگەن بىرىدۇ،
بىزگە ئالتۇن، گۆھەرنى.

شۇنىڭ بىلەن چېكەتكە قارلىغاچتىن ئۆي سېلىشنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئۆي سېلىشنى ئازراق ئۆگىنىپلا جاپاغا چىدىماي، ئۆي سېلىشنى ئۆگىنىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، قارلىغاچ بىلەن خوشلاشمايلا ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

بولدى، بولدى، بۇ ئىشنى
ئۆگەنمەيمەن،
لايدا سالغان ئۆيدە مەن
يۈرەلمەيمەن.
راستىنى ئېيتسام قارلىغاچ
دوستۇم ئەمەس،
ئۈنىڭ بىلەن بىرلىكتە
كۆلەلمەيمەن.



چېكەتكە تاقلاپ، سەكرەپ يۈرۈپ بىر سازلىقنىڭ بويىغا كەپتۇ. ئۇ بۇ يەردە بىر پاقىنىڭ ھەدەپ پاشا، كۇمۇتىلارنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىزىقىپ قاپتۇ. پاقىنىڭ تىلىنى پاشا، كۇمۇتىلارغا ئوقتەك ئاتقانلىقى ئۇنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇپتۇ. شۇڭا ئۇ پاقىنىڭ پاشا، كۇمۇتا تۇتۇش ھۈنىرىنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ.

پاقا ئاكا مەن سەندىن،
ھۈنەر ئۆگىنەي دەيمەن.
قانداق قىلسام سېنىڭدەك،
پاشا، كۇمۇتا يەيمەن.

پاقا چېكەتكىگە مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ساڭا ھۈنەر ئۆگىتەي،
ياخشى ئۆگەن كۆڭۈل قوي.
كۆپقۇ پاشا، كۇمۇتا،
ئۇنى سەن يەپ راسا توي.

شۇنىڭ بىلەن چېكەتكە پاقىدىن پاشا، كۇمۇتا تۇتۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆگىنەلمەپتۇ. پاقا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ شۇنچە كۆپ پاشا، كۇمۇتا تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، چېكەتكە بىرەر تالمۇ تۇتالماي، تېرىكىپ كېتىپ قاپتۇ.



كۇمۇتىنى، پاشىنى،

بولدى ئەمدى تۇتمايمەن.
باشقا يەرگە كېتىمەن،
دوستلىرىمنى يوقلايمەن.

چېكەتكە يەنە سەكرەپ، تاقلاپ يۈرۈپ بىر كۆلنىڭ بويىغا كەپتۇ. ئۇ كۆلدە سۇغا باش چۆكۈرۈپ بېلىق تۇتۇۋاتقان ئۆردەكنى كۆرۈپتۇ - دە، بېلىق تۇتۇشقا قىزىقىپ قاپتۇ.

ئۆگىنەيچۇ مەن سىزدىن،
كۆلدىن بېلىق تۇتۇشنى.
خۇددى سىزدەك سۇلاردا،
ئەركىن يايراپ ئۈزۈشنى.

ئۆردەك چېكەتكىگە مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

خالىساڭلا مەن ساڭا،
ھۈنىرىمنى ئۆگىتەي.
تۇتقان بېلىقلىرىمنى،
مەن سەن بىلەن بىللە يەي.

شۇنىڭ بىلەن چېكەتكە ئۆردەكتىن بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۆگىنەلمەپتۇ، ھەتتا ئۇ سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ. شۇڭا ئۇ ئۆردەكتىن ھۈنەر ئۆگىنىشتىنمۇ زېرىكىپ، يەنە باشقا ياققا



قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۆگەنمەيمەن ئۆردەكتىن،
ئەمدى بېلىق تۇتۇشنى.
ئۆگەنمەيمەن سۇدىمۇ،
بېلىق بولۇپ ئۈزۈشنى.

چېكەتكە ئەمدى بىر گۈلزارلىققا كېلىپ قاپتۇ ـ دە، بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ، ئۆزىنى يۇمشاق چۆپنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ ـ دە، مۈگدەپ ئۇخلاپ قالغىلى تاس قاپتۇ. شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپتۇ:

مۇشۇ رەڭدار چېچەكلىك،
بىزنىڭ گۈزەل بېغىمىز.
بىز بۇ يەردە ھەركۈنى،
گۈلدىن شىرنە يىغىمىز.
بىزلەر بەرگەن سىلەرگە،
ئاشۇ تاتلىق ھەسەلنى.
ئەمگەك بىلەن ياڭراتتۇق،
كۈندە ناخشا، غەزەلنى.



چېكەتكە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ گۈلدىن شىرنە يىغىش ھۈنىرىنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆگىنەيچۇ سىلەردىن،
گۈلدىن شېرنە يىغىشنى.
ئەسكىلەرنى كۆرگەندە،
نەشتەر ئۇرۇپ چېقىشنى.

ھەرىلەر چېكەتكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپتۇ:

بىزدىن ھۈنەر ئۆگەنسەڭ،
ھەسەل يەيسەن، قەن يەيسەن.
ئەمگەك قىلساڭ تەر تۆكۈپ،
ھۆرمەت تېپىپ كۆكلەيسەن.

شۇنىڭ بىلەن چېكەتكە ھەسەل ھەرىلىرىدىن ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. بىراق، ئۇ ئازراق ئۆگىنىپلا بۇ ئىشنىڭمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەنە ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ چېكەتكە پەقەت ھۈنەر ئۆگىنەلمەپتۇ. نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلىنىپ يەنە ئېگىزلىققا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ھۈنەر ئۆگەنمىگەچكە، دىكىلداپ سەكرەش، چىرىلداپ سايراشتىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلمەيدىكەن.







# يۈرەكگۈل

زامانلارنىڭ زامانىسىدا
چەت بىر شەھەردە،
ئۆتكەنىكەن بېخىل بىر باي
تويماي پۇل، زەرگە.
ئاشۇ بايغا ئىشلەيدىكەن
نامرات بىر بوۋاي،
ئۆتكەنىكەن تۇرمۇشىنى
ئۇ قامدىيالماي.
شۇ بوۋاينىڭ پەقەت بىرلا
ئوغلى بار ئىكەن،
مومىسىدىن ئاشۇ ئوغۇل
يادىكار ئىكەن.
بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يازنىڭ بىر كۈنى،
كۆزلىرىمۇ خىرەلىشىپ
پەسلەپتۇ ئۈنى.
ئوغلىنى ئۇ چاقىرىپتۇ
دەرھال ئالدىغا،
ئۇ سۆزلەپتۇ ئوغلىنى چىڭ
بېسىپ باغرىغا.
«ئوغلۇم ئەمدى تۈگەپ قالدى
مېنىڭ ئاي - كۈنۈم،
غازاڭ بولۇر بەلكىم بۈگۈن
بۇ ھايات گۈلۈم.
مېنىڭ ساڭا قالدۇرغىدەك
مال - دۇنيارىم يوق.
قالدى ساڭا مەندىن پەقەت
بۇ بىر تال ئۇرۇق.»
بوۋاي پەقەت شۇنداق دەپلا
قىلالماپتۇ سۆز،
ۋىدالىشىپ ئوغلى بىلەن
يۇمۇپتۇ ئۇ كۆز.
بالا شۇ چاغ ياشلار تۆكۈپ
زار - زار يىغلاپتۇ،
ئاتىسىدىن ئايرىلىپ ئۇ
مۇڭلىنىپ قاپتۇ.
شۇ تەۋەررۇك ئۇرۇقنى ئۇ



تەرسە تەشتەككە،

ئۇنۇپتۇ گۈل، ئوخشايدىكەن

خۇددى يۈرەككە.

ئاشۇ گۈلنىڭ ئىسمى ئەسلى

يۈرەكگۈل ئىكەن،

گۈلنىڭ بەرگى جۇلالىقكەن

غولىدا تىكەن.

يۈرەكگۈلنى بالا قويۇپ

ئۆينىڭ تۆرىگە،

تەۋەررۇك دەپ قەدىرلەپتۇ

ئۇنى قەلبىدە،

شۇندىن كېيىن كۈندە تەييار

بوپ ئۈچ ۋاق تاماق،

گۈل بالىنى ئاچ - زارلىقتىن

قىپتۇ ھەم يىراق.

باي بالىنى ئىشقا سېلىپ

بىكار قويماپتۇ،

داداڭنىڭ كۆپ قەرزى قالدى

دەپ بەك قىيناپتۇ.

شۇنداقتىمۇ بالا ئۆسۈپ

ساغلام ۋە تىمەن،

ئۇ ھەمىشە بەسلىشىپتۇ

باي ئوغلى بىلەن.

يېڭىۋالغاچ ئۇ ھەر ئىشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بايىنىڭ ئوغلىنى،
ھەسرەت، ھەسەت ئازابلاپتۇ
بايىنىڭ كۆڭلىنى.
«مەن بۇ شۇمنى يوقاتمىسام
كۆزۈمدىن دەرھال،
ئوغلۇمغا ئۇ ئەپ كېلىدۇ
چوقۇم شۇم زاۋال.
ئوغلۇمغا مەن بەرگەن تۇرسام
ئەڭ ئېسىل ئوزۇق،
نېمە ئۈچۈن بۇ گادايدىن
ئاۋارە، ئورۇق.»
شۇنداق خىيال تەشۋىش بىلەن
ئۆرتىنىپ زالىم،
بالىغا ئۇ دەپتۇ بولۇپ
ساختا مۇلايىم.
«ئوغلۇم ئەمدى سەنمۇ راۋۇرۇس
چوڭ بولۇپ قالدىڭ،
راستىنى ئېيتسام ئەقلىڭ بىلەن
كۆڭلۇمنى ئالدىڭ.
بىلىپ بولدۇم باركەن سەندە
سېھىرلىك خىسلەت،
شۇ خىسلەتتىن ساڭا جەمكەن
چەكسىز بىر قۇدرەت.
ھازىرقى بۇ زىمىستاننى



ياز قىلىپ بەرگىن،
ھويلامدىكى مىنىڭ ئۆردەكنى
غاز قىلىپ بەرگىن.
بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەي ساڭا
ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت،
قىلالمىساڭ بۇ ئىشنى سەن
دەرھال يۇرتتىن كەت.»
بۇنى ئاڭلاپ بالا بوپتۇ
بەكمۇ ھەيران - ھەس،
دېمىسىمۇ بالا ئۈچۈن
كەپتۇ بۇ ئىش تەس.
ئۆيگە كىرىپ يىغلاپتۇ ئۇ
چېكىپ كۆپ ھەسرەت،
كەتمەك بوپتۇ يىراققا
ئۇ توشقاندا مۆھلەت.
يۇرەكگۈلدىن سادا كەپتۇ
شۇ چاغدا مۇنداق:
«سەن بىر ئوغۇل، قىز بالىدەك
يىغلىما ئۇنداق.
ئارامخۇدا ئۇخلاۋەرگىن
سەن تاڭ ئاتقۇچە.
ئۆردەكلەرنى مەن غاز قىلاي
سەن ئويغانغىچە.
زىمىستاننى ياز قىلاي ھەم

www.uyghurkitap.com



مەن بۈگۈن كېچە.»
يۈرەكگۈلنىڭ سۆزلىرىدىن
بولۇپ خاتىرجەم،
بالا خۇشال ئۇخلاپ قاپتۇ
چەكمەي دەرد ـ ئەلەم.
تاڭ سەھەردە قوپقاندا ئۇ
بوپتۇ بەك ھەيران،
ياز پەيزىدىن پۈركىنىپتۇ
گۈلگە يەر ـ جاھان،
ئۆردەكلەر يوق، غازلار سايراپ
يۈرەر شادىمان.
باي بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھەيران
بوپتۇ توۋا دەپ،
ئۇ بالىغا قايىل بولۇپ
قىلالماپتۇ گەپ.
شۇنداقتىمۇ باينى تىنچ
قويماپتۇ ھەسەت،
ھەسرەت بىلەن بوپ قاپتۇ ئۇ
تىرىك بىر جەسەت.
بىر كۈنى ئۇ چاقىرىپتۇ
يەنە بالىنى،
سورىغاندەك خۇددى ئۇنىڭ
دەرد ۋە ھالىنى.
«جېنىم بالام سېنىڭ ھازىر



ئەھۋالىڭ قانداق؟
بىراق مېنىڭ ھالىم خاراب،
ئەھۋالىم چاتاق.
باشقىلارغا بوغۇلدۇم مەن
بەك كۆپ قەرزگە،
ئەتە، ئۆگۈن كېلەر بەلكىم
ئۇلار ئەرزگە.
ئالدىمدىكى بۇ قومۇلۇقنى
باغ قىلىپ بەرگىن،
ئاۋۇ قارا ئاغىنى ئالتۇن
ئاغ قىلىپ بەرگىن.
بىرەي ساڭا ئەمدى پەقەت
بىر كۇنلا مۆھلەت،
تېز ئورۇنداپ بولمىساڭ سەن
بولىسەن جەسەت.»
بالا يورەككۈلگە دەرھال
ئېيتىپتۇ ئەھۋال،
«ئەمدى مېنى بۇ ئىشتىمۇ
بىر قۇتقۇزۇۋال.»
يورەككۈلدىن گەپ ئاڭلىغان
بالا خوش بولۇپ،
باي ئالدىغا بېرىپ مۇنداق
دەپتۇ باش قويۇپ.
«سىزنىڭ قەرز بولغىنىڭىز



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



راستمۇ - يالغانمۇ؟
راستلا بولسا قىپ بېرىمەن
تاغنى تالقانمۇ.
سىز دېگەندەك مەندە شۇنداق
سىرلىق سېھىر بار،
مەندە سىزگە ئۆز ئاتامدەك
سۆيگۇ - مېھىر بار.
گەر گېپىڭىز يالغان بولسا
ئىشلىمەي سېھىر،
ئەكسىچە سىز بولۇپ قالىسىز
يىرتقۇچ ئەركەك شىر.»
قورقۇپ بايمۇ ۋارقىراپتۇ
«سېھىر ئىشلەتمە،
بولدى ساڭا ئۇۋال قىلماي
يېنىمدىن كەتمە!»
بالا ئۆيگە قايتىپ كەلسە
بىر قىز تۇرغۇدەك،
بىر - بىرىگە ئاشىق بوپتۇ
بىر جۈپ ياش يۈرەك.
يۈرەكگۇلدىن ئۈزگىرىپتۇ
ئەسلى ئۇ قىزچاق،
چېھرى ئۇنىڭ قۇياش ئىكەن
كۆزلىرى بۇلاق.
شۇندىن كېيىن ئۇلار ئىناق،



ئىجىل ياشاپتۇ،

ئەجرى بىلەن چۆل - جەزىرىدە

گۈلباغ ياساپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۆڭگۈزلۈك ئېشەك



ئېشەك ئۆزىنىڭ ئېشەك بولۇپ تۆرەلگەنلىكىدىن نارازى بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— ھەي، نېمىشقىمۇ ئېشەك بولۇپ قالغاندىمەن؟ مېنىڭ مۆڭگۈزۈم يوقكەن، باشقا بىر ھايۋان بولۇپ قالغان بولسام چوقۇم مۆڭگۈزۈم بار بولاتتى، مۆڭگۈزسىز ئېشەك بولۇش نېمىدېگەن ئازاب - ھە!

ئېشەك ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىرەرسىنىڭ مۆڭگۈزىنى سورىماقچى بولۇپ، قويۇق ئورمانلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئورمانلار ئارىسىدا بۇغا بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئېشەك بۇغىنىڭ ھەر تەرەپكە شاخلاپ كەتكەن ھەيۋەتلىك مۆڭگۈزىنى كۆرۈپ، مۆڭگۈزگە بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك بۇغا دوستۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئېشەكباي، بىزنىڭ مەھەللىگە ئاياغ بېسىپ قاپتۇققۇ، نېمە مەقسەتتە كەلگەن؟



ئېشەك بوغىنىڭ مۆڭگۈزىگە ھەۋەس بىلەن قارىۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

مۆڭگۈزۈم يوق ھەر يەردە،
ياشاپ كەلدىم قىينىلىپ.
مۆڭگۈزۈڭنى بەر ماڭا،
تەزىم قىلاي تىزلىنىپ.
مەن مۆڭگۈزلۈك بولساملا،
مۇرادىمغا يېتەتتىم.
ئېشەكلەردىن ئايرىلىپ،
يىراقلارغا كېتەتتىم.

بوغا ئېشەكنىڭ ئورۇنسىز تەلىپىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئېشەككە ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

مۆڭگۈزۈمنى سورىما،
ئۇنى ساڭا بەرمەيمەن.
مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام،
بىر كۈن ھايات يۈرمەيمەن.

ئېشەك بوغىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تۇرالماي قاپتۇ. «قاراڭلار، ئۇ مۆڭگۈزىدىن ئايرىلسا بىر كۈن ھايات يۈرەلمەيدىكەن. مەن بىر ئۆمۈر مۆڭگۈزسىز ياشاپمۇ يەنە چىداپ يۈرۈپتىمەن، ئەمدى چوقۇم مۆڭگۈزگە ئېرىشمىسەم بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يەنە بوغىغا يېلىنىپتۇ. بىراق، بوغا



ئېشەككە مۇنداق دەپتۇ:

مۈڭگۈزى بار ئېشەكنى،
ھېچكىم ئېشەك دېمەيدۇ.
سېنىڭ ئېشەكلىكىڭنى،
دوستلىرىڭمۇ بىلمەيدۇ.

ئېشەك بۇغىغا يالۋۇرۇشنى توختاتماپتۇ:
مېنى ئۇ سەت ئېشەكلەر،
تونۇمىسا مەيلىغۇ.
مۈڭگۈزلۈك بوپ سېنىڭدەك،
يۈرسەم مەنمۇ پەيزىغۇ.

شۇ چاغدا ئوۋچىلارنىڭ قىيا - چىياسى ئاڭلىنىپتۇ. بۇغا قورقۇپ ئورمانلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئوۋچىلار ئوۋ مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئېشەككە قاراپمۇ قويماي بۇغىنى قوغلاپ كېتىپتۇ. ئېشەك ئەمدى نەدىنمۇ مۈڭگۈز تاپارمەن دەپ ئورمانلىقتا يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە قاتراپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر چاغدا ئورمانلىقتا قورقۇپ، تەمتىرەپ يۈرگەن بۇغىنى ئۇچرىتىپتۇ.

نېمە بولدۇڭ بۇغىجان،
بۇنچە قورقۇپ، ھودۇقۇپ.
قالدىڭمۇ بۇ ئورماندا،
چوڭ خەتەرگە يولۇقۇپ.



بۇغا ئېشەكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن

چۈشەندۈرۈپتۇ:

بولسا مەندەك مۈڭگۈزۈڭ،
ئۇۋچىغا يەم بولاتتىڭ.
مۈڭگۈزۈڭ يوق بولۇشنى،
سەنمۇ ئارزۇ قىلاتتىڭ.

ئېشەك بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇغا ماڭا مۈڭگۈزىنى بېرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ خۇشال بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

جىنىم دوستۇم سەن ماڭا،
بىر ياخشىلىق قىلىۋەت.
نېمە بولسام بولاي مەن،
مۈڭگۈزۈڭنى بېرىۋەت.

بۇغا ئېشەككە گەپ ئۇقتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، خۇشمۇ دېمەي ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئېشەكنىڭ مۈڭگۈز ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئۇ ئاخىرى بىر تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتقان تاغ تېكىسىنىڭ بىر جۈپ قىلىچتەك مۈڭگۈزىنى كۆرۈپ، مېنىڭمۇ ئاشۇنداق مۈڭگۈزۈم بولسا بەك ياخشى بولاتتى دەپ ئويلاپتۇ - دە، تېكە بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنىڭدىن مۈڭگۈز سوراپتۇ.

مۈڭگۈزۈمنى سورىما،
ئۇنى ساڭا بەرمەيمەن.
مۈڭگۈزۈمدىن ئايرىلسام،
بىر كۈن ھايات يۈرمەيمەن.



www.uyghurkitap.com

ئېشەك تاغ تېكىسىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىدىن هەيران بولۇپ تۇرغاندا، بىر بۆرە تۇيۇقسىز تاغ تېكىسى بىلەن ئېشەككە هۇجۇم قىپتۇ. تاغ تېكىسى هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان ئېشەككە ۋارقىراپتۇ:

—كەينىمگە ئۆتۈۋال.

ئېشەك تېكىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ. تاغ تېكىسى خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان بۆرىگە قىلىچتەك مۈڭگۈزلىرى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى ۋە ئېشەكنى قوغداپ قاپتۇ. بۆرە تېكىنىڭ مۈڭگۈزلىرىدىن قورقۇپ سەت هۇۋلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. تاغ تېكىسى مەغرۇرلانغان هالدا ئېشەككە مۇنداق دەپتۇ:

مۈڭگۈزۈمنىڭ رولىنى،
ئەمدى ئوبدان بىلدىڭمۇ؟
گەر بولمىسا مۈڭگۈزۈم،
ئامان قالماس جېنىممۇ.

ئېشەك قانداق قىلارىنى بىلمەي، مۈڭگۈز ئىزدەپ يەنە كۆپ يەرلەرگە بېرىپتۇ. بۆكەن، ئارقار، قوشقارلارنىڭ ئالدىغا مۈڭگۈز سوراپ بارغان بولسىمۇ، هېچكىم مۈڭگۈزىنى بەرمەپتۇ. ئاخىرى ئېشەكنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ قالغان كالا ئۇنىڭغا مۈڭگۈزىنى بېرىپ تۇرۇپتۇ.

كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئىگە بولغان ئېشەك هاياجىنىنى باسالماي كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالدىغا كەلگەننى ئۈسۈپ، كەينىگە كەلگەننى تېپىپتۇ. هەتتا ئۆزىنىڭ بالىسى ۋە جۈپتىنىمۇ ئۈسۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا ئېشەكلەر ئۇنى



ئارىغا ئالمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمايدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇ باشتا مۆڭگۈزىگە ئىشىنىپ دوستلىرىغا يوغانچىلىق قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، كېيىن دوستلىرىدىن ئاغرىنىپتۇ.

— سىلەر مېنى نېمىشقا ئاراڭلارغا ئالمايسىلەر؟

— بىز ئەمدى ساڭا ئارىلاشمايمىز، سەن ھازىر ئېشەكمۇ ئەمەس، كالىمۇ ئەمەس غەلىتە بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدىڭ، خۇي - پەيلىڭ، مىجەزىڭمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. بىز ئېشەكلەردە ئەزەلدىن مۆڭگۈز بولغان ئەمەس، شۇڭا ئەمدى سېنى ئېشەك دېيەلمەيمىز، — دەپتۇ ئېشەكلەرنىڭ ئاق ساقىلى ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن.

ئەمدى ئېشەك تەنھا ياشاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇنى ئېشەكلەرمۇ، كالىلارمۇ ئارىغا ئالماپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۆڭگۈز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولۇپ قالغاچقا، ئۇ مۆڭگۈزىنى كالىغا بېرىۋېتىپ، يەنە ئېشەكلەر ئارىسىغا يېنىپ كەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئېشەكلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان بوپتۇ. ئېشەكمۇ مۆڭگۈزلۈك بولۇپ ياشاشنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدىغان بوپتۇ.





# قاناتلىق ئەنزەر

ئەنزەرگە تۇيۇقسىز قانات پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئويۇنغا ئامراق ئەنزەر ئۈچۈن بۇ تولىمۇ سىرلىق ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ قاناتلىرى بۈركۈتنىڭكىدەك چىرايلىق ۋە مۇستەھكەم ئىكەن.

ئەنزەر باشتا قانىتىنى ئاتا ـ ئانىسى ۋە بالىلاردىن يوشۇرۇپ يۈرۈپتۇ. ئەنزەرنىڭ ئەمدى يەردە ماڭغۇسى، بالىلار بىلەن بىللە ئوينىغۇسى كەلمەپتۇ.

بىر كۈنى ئەنزەر قانىتىنى ھامان يوشۇرالمايمەن دەپ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرسىتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا بالىلار ھەيران قاپتۇ. ئەنزەر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. پاھ، ئەنزەر خۇددى بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىشقا باشلاپتۇ. يەردىكى بالىلار چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى «جېنىم بالام! قايتىپ چۈشكىن!» دەپ ئەنسىز توۋلاپتۇ، بىراق ئەنزەر ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك تېخىمۇ ئېگىز ئۇچۇپتۇ. ئەنزەر ئۈچۈن ئاسماندا پەرۋاز قىلىش ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە ھوزۇرلۇق تۇيۇلۇپتۇ، ئۇ ئاسماندىن يەرگە قاراپتىكەن ئادەملەر خۇددى چۈمۈلىدەك كۆرۈنۈپتۇ.



ئەنزەرنىڭ ئۇچقانسېرى ئۇچقۇسى كەپتۇ. ئۇ ھەرقانداق

يىراق يەرگىمۇ بىردەمدىلا بارالايدىغان بولغاچقا، كۆڭلى تارتقان تەرەپكە قاراپ ئۇچۇۋېرىپتۇ. ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئاپئاق بۇلۇتلاردىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىپتۇ. ئۇ ئۇچۇۋېرىپ چارچىغاچقا، ئۆزى خالىغان يەرگە قونۇپتۇ. ئۇنىڭ قونغان يېرى دەريا بويىدىكى بىر ئورمانلىق ئىكەن. ئەنزەر بۇنداق چىرايلىق ئورمانلىقنى بۇرۇن كۆر- مىگەچكە، ئەتراپقا ھەيران بولۇپ قاراپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا بېشى ياپىلاق، كۆزى بىلەن بۇرنى بېشىدا، ئېغىزى يوغان، پۇت - قوللىرى قىسقا ھەم كىچىك، كۆرۈمسىز بىر بالا پەيدا بوپتۇ. ئەنزەر ئالدىدا تۇرغان بۇ كۆرۈمسىز بالىنىڭ قانداق بالىلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغاندا، ھېلىقى بالا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

—ھەي ئاداش، سەن بۇ يەرگە نەدىن كېلىپ قالدىڭ؟ سەن بىزگە مېھمان ئوخشىمامسەن؟

ئەنزەر بۇ سەت بالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

—مەن ئادەم بالىسى، ئۆزۈڭ قانداق بالا؟— دەپ سوراپتۇ.

—نېمە؟ ئادەم بالىسى؟ سەن ئادەم بالىسى ئەمەس، مەن ئادەم با- لىسىنى كۆپ كۆرگەن، ئۇلارنىڭ سېنىڭكىدەك قانىتى بولمايدۇ، قا- رىغاندا سەن قۇش بالىسى ئوخشايسەن.

—ياق، مەن قۇش بالىسى ئەمەس، ئادەم بالىسى، ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ قانداق بالا؟ — ئەنزەر ياندۇرۇپ سوراپتۇ.



—ھە، سەن تېخى مېنى تونۇمايدىغان ئوخشىمامسەن، مەن دېگەن بېلىق بالا.

ئەنزەر ئالدىدىكى بۇ سەت بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

—سەن ھەرگىزمۇ بېلىق بالا ئەمەس، بېلىق بالا دېگەن سۇدا يۈرمەي، قىرغاقتىكى دەرەخ سايىسىدا نېمە قىلىسەن؟

—توغرا، بېلىق بالىلار ئادەتتە سۇدا ياشايدۇ، بىراق مەن ئالاھىدە بېلىق بالا، ئاڭلاپ تۇرغىن، مەن ساڭا ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي، — دەپتۇ بېلىق بالا ئالدىرىماي، — ئىسمىم سەمەندەر بېلىق. ئادەتتىكى ئەھۋالدا مەنمۇ باشقا بېلىق بالىلارغا ئوخشاش سۇيى سۈزۈك، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن ئېرىق، ئۆستەڭلەردە ياشايمەن. بۈگۈنكىدەك ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن كۈنلىرى قىرغاققا چىقىپ دەرەخ تۈۋىدە سايىدايمەن، شۇڭا باشقىلار مېنى «قوش ماكانلىق» دەپ ئاتايدۇ.

—سەن ئالاھىدە بېلىق بالا بولساڭ، مەن ئالاھىدە ئادەم بالىسى، ئادەتتىكى بېلىق بالىلار قىرغاققا چىقىپ سايىدالمىغاندەك ئادەتتىكى ئادەم بالىلىرىمۇ ئۇچالمايدۇ. ھەر ئىككىلىمىز ئالاھىدە بالىلار ئىكەنمىز، شۇڭا بىز دوست بولساق بولغۇدەك.

—دوست بولساق بولايلى، مېنىڭ يەنە سەن ئۇقمايدىغان نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىم بار.

—سېنىڭ يەنە قانداق ئارتۇقچىلىقلىرىڭ بار؟ — ئەنزەر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.

—مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرسەممۇ ئىشەنمەيسەن، سەن بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرساڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

ئەنزەر سەمەندەر بېلىقنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، پۇررىدە ئۇچۇپ ئېگىز دەرەخنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. سەمەندەر بېلىق «ئوبدان قاراپ تۇرغىن-ھە!» دېگەندەك ئەنزەر تەرەپكە قاراپ قويۇپتۇ. ئەنزەرمۇ «بۇ سەت بېلىق بالىنىڭ نېمە كارامىتى باردۇ» دېگەندەك دىققەت





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا سەمەندەر بېلىقنىڭ يېنىغا بىر ئۆردەك كېلىپ چېقىلماقچى بوپتۇ. سەمەندەر بېلىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، خوددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك ھەيۋە قىپتۇ. بىراق، ئۆردەك ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنتمۇ قىلماي، تومشۇقىنى سوزۇپ چوقۇلاپلا يەۋالماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا سەمەندەر بېلىق بىرمۇنچە يېمەكلىكنى قوسۇپ بېرىپ ئۆردەكنى يېمەكلىككە قىزىقتۇرۇپتۇ. بىراق، ئۆردەك سەمەندەر بېلىق قوسۇپ بەرگەن يېمەكلىككە قىزىقماي، ئۇنىڭغا يەنە ھۇجۇم قىپتۇ. بۇ چاغدا سەمەندەر بېلىق بويىنىدىكى تەر تۆشۈكچىلىرىدىن شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ، پۈتۈن بەدىنىگە سۈركەپتۇ. ئۆردەك سەمەندەر بېلىق چىقارغان غەيرىي پۇراقتا بەرداشلىق بېرەلمەي غاقىلداپ كېتىپتۇ. ئۆردەك يەنە «بولدى» قىلماي سەمەندەر بېلىققا تومشۇقىنى تەگكۈزگەنىكەن، چاپلىشىپ قېلىپ تازا ئاۋارە بوپتۇ. ئۆردەك خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپ تومشۇقىنى ئاران ئاجرىتىپتۇ — دە، غاقىلدىغىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇ چاغدا سەمەندەر بېلىق مەغرۇرلانغان ھالدا ئەنزەرگە قاراپ «قانداقكەنمەن» دېگەندەك كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئەنزەر دەرەختىن سەمەندەر بېلىقنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ.

— ئارتۇقچىلىقلىرىمنى كۆردۈڭمۇ؟ — سەمەندەر بېلىق پوچلىق بىلەن ئەنزەردىن سوراپتۇ.

— كۆرۈشىنغۇ كۆردۈم، بىراق نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭنى تازا بىلەلمىدىم، — ئەنزەر سەمەندەر بېلىقتىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراقتىن سەسكەنگەندەك بۇرۇنلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ.



— قارىغاندا سەن كىچىك بالا ئوخشايسەن، بايا قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنى قوغداش ئۇسۇلۇم. مەن ئا-

كىتاب ئورىكتاپ www.uyghurkitap.com



شۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق دۈشمەنلىرىمدىن ئۆزۈمنى قوغدايمەن.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ راستلا كارامىتىڭ باركەن، — دەپتۇ ئەنزەر ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ. ئۇ سەمەندەر بېلىق بىلەن يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، باشقا يەرلەرنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، قانات قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ئەنزەر كۆپ يەرلەردە ئۇچۇپ يۈرۈپ يەنە نۇرغۇن ھايۋانلار بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇنىڭ كۆرگەن ھايۋانلىرىنىڭ ئىچىدە ھەم تۇخۇم تۇغالايدىغان، ھەم سۈت ئەمگۈچى ئۆردەك تۇمشۇق، خالتىلىق بۆرە، سۇ ئۈزۈش ماھىرى دېلفىن، ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان كۆك كىت، پەسىلگە قاراپ كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان چىپار بۇغا، دۇنيا بويىچە ئەڭ پۇراقلىق ھايۋان ئىپار كېيىك قاتارلىقلار بار ئىكەن.

ئەنزەر ئۇچۇۋېرىپ قانىتىدىنمۇ زېرىكىپتۇ. چۈنكى، ئۇ يەنىلا ئادەتتىكى بالىلاردەك ئۆيدە، مەكتەپتە، مەھەللىدە ئويناشنى بەك ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، قاناتلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ ئاپىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، قاناتلىرىم يوققۇ؟

— نېمە دەيدىغانسەن بالام، سېنىڭ قانىتىڭ نېمىش قىلىدۇ؟ قانات دېگەن قۇشلاردا بولىدۇ، تېز بول، مەكتەپكە كېچىكىپ قالما يەنە.

ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دومبىلىرىنى سىلاپ باققان بولسىمۇ، قاناتلىرى كۆرۈنمەپتۇ.

ئەنزەر بايىقى ئىشلارنىڭ كىتابتا، چۈشىدە ياكى ئەمەلىيەتتە بولغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.



# ئاق كۆڭۈل



بۇرۇنقى زاماندا تۇتاش تاغلارنىڭ يېنىدا بىر تاغلىق مەھەللە بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىكەن. ئاشۇ مەھەللىگە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان تاقىر تاغلارنىڭ ئىچىدە يەككە - يېگانە بىر دىۋە ياشىغانىكەن. ئۇ ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىسىمۇ، ئۇلارغا قانداق ياخشىلىق قىلىشنى بىلمەيدىكەن. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ياۋۇز، ۋەھشى، قارا نىيەت دەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن، بىراق ئۇ ئادەملەر بىلەن پەقەت كۆرۈشەلمەپتۇ. ئۇ دائىم ئادەملەرنىڭ مەھەللىسىگە بېرىشنى ئويلىسىمۇ، ئۇلارنى قورقىتىۋېتىمەن دەپ ئەنسىرەپتۇ. ئادەملەر دىۋە تۇرىدىغان ئۆڭكۈرنىڭ يېنىدىكى جىراغا ئوۋغا، ئوتۇنغا كەلسىمۇ، بىراق دىۋە ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.



دىۋە يالغۇزلۇقتىن بەك زېرىكىپ كەتكەچكە، ئۇلار بىلەن دوستلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىكەنتۇق. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئادەملەرنىڭ ياشتا چوڭراقى بىلەن كۆرۈشمەكچى

www.uyghurkitap.com



بوپتۇ.

بىر كۈنى دۆۋە تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەملەر ئوتۇنغا كېلىدىغان جىرانىڭ يېنىدىكى ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇپ كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەھەللىنىڭ ئاق ساقىلى مۇھەممەت بوۋاي ئۆزى يالغۇز ئوتۇنغا كەپتۇ. مۇھەممەت بوۋاينى كۆرۈپ دۆۋە ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۇ مۇھەممەت بوۋاينىڭ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىكى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ مۇھەممەت بوۋاينى ئاق-قارىنى پەرق قىلالايدۇ دەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتۇ. بوۋاي ئوتۇننى كۆتۈرۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا دۆۋە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋاي ... مەن ...

ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بۇ ياڭراق ئاۋازدىن ھەيران قالغان بوۋاي ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك مەخلۇقنى كۆرۈپ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ-دە، ئوتۇن، پالتىلىرىنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

مۇھەممەت بوۋاي مەھەللىدىكىلەرگە دۆۋىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە سالام قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆۋە ھەققىدىكى گەپلەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپتۇ. بۇ گەپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا ئۆزگىرىپ، ئۇلغىيىپ قورقۇنچلۇق ھېكايىگە ئايلىنىپتۇ. مەھەللىدىكى گەپدانلار مۇھەممەت بوۋاينىڭ دۆۋە ھەققىدىكى بىر ئېغىز گېپىنى تۆۋەندىكىدەك قورقۇنچلۇق ھېكايىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ:

—مۇھەممەت بوۋاي دۆۋىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇنداق بەتبەشىرە، سەت ئىكەنكى، ھەرقانداق ئادەم ئۇنى بىرلا كۆرسە قورقۇپ ھوشىدىن كېتىدىكەن. ئۇ تاغ ئىچىدىكى شىر، يولۋاسلارنىمۇ خۇددى پاقا چىۋىننى يېگەندەك



يەۋېتىدىكەن، ئېگىز - بۇرۇنلىرىدىن كۆكۈش ئوت يېنىپ تۇرىدىكەن،
ئېگىز تاغلارنىمۇ بىر مۇشت بىلەن پارە - پارە قىلىۋېتىدىكەن. ئۇ
ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن دەپ قەسەم ئىچىپتۇ ...

مانا مۇشۇنداق ھېكايىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، دېۋىنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلغۇسىز قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئادەملەرگە
ياخشىلىق قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان دېۋە ئۆزى ھەققىدىكى
ھېكايىلەردىن خەۋەردار بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار ئۈچۈن ياخشىلىق قى-
لىش نىيىتىدىن يانماپتۇ.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە دېۋە ئادەملەرنىڭ مەھەللىسىگە يېقىن-
راق يەردە ئايلىنىپ يۈرسە كۈچلۈك ئوت يالقۇنى كۆرۈنۈپ، ئادەملەر-
نىڭ قىيا - چىياسى ئاڭلىنىپتۇ. دېۋە بۇنىڭدىن ئادەملەرنىڭ بىر ئا-
پەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ.
ئەسلى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەنىكەن، دېھقان بىلەن ئايالى
ئۆيدىن چىقىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالتە ياشلىق بالىسى ئۆيدە
سولىنىپ قېلىپ، ئۇلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ھۆكىرەپ يىغلا-
ۋاتقانىكەن. مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم مەھەللىنى يانداپ ئۆتىدىغان
دەريادىن جاۋۇر، چېلەكلەردە سۇ توشۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ،
كۈچلۈك ئوت ئۆچمەپتۇ. ئوت ئىچىدىن بالىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغى-
سى ئاڭلىنىپتۇ. دېۋە دەريادىن بىر ئوچۇم سۇنى ئېلىپ ئوتقا چاچقا-
نىكەن، ئوت شۇ ھامان ئۆچۈپتۇ. تۈن قاراڭغۇسىدا كىشىلەر دېۋىنى
كۆرمەي قاپتۇ. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كى-
رىپ بالىنى ھوشسىز ياتقان يېرىدىن تېپىپ چىقىپتۇ.
كۆيۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بالىنى كۆرۈپ ئاتا - ئا-
نىسى تېخىمۇ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېۋە بالىنى



بىرلا پۆۋلەپ قويغانىكەن، بالا ئەسلىگە كەپتۇ. دىۋە يەنە بىرنى پۆۋلە-گەنىكەن، دېھقاننىڭ كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان ئۆيىمۇ بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ غەلىتە ئەھۋالدىن مەھەللىدىكىلەر تولىمۇ ھەيران قاپتۇ، دىۋە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى دىۋە يالغۇز زېرىكىپ تاغ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرسە، ئالدىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر بالا پەيدا بوپتۇ. دىۋە بۇ بالىنى قورقۇ-تۇۋېتىدىغان بولدۇم دەپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بالا دى-ۋىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇ بالىنىڭ ئۆزىدىن قورقمىغانلىقى دىۋىنى بەك خۇش قىپتۇ. چۈنكى، دىۋە ئادەملەر مەندىن قورقمىسا، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتسەم، دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئالدىدا تۇرغان بالىنى دىۋە ئاۋايلاپ ئالقىنىغا ئاپتۇ. بالا نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قا-راپتۇ. دىۋە ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ بالىدىن سوراپتۇ:

—سەن ئەجەب مەندىن قورقمىدىڭغۇ؟

—سىز كىمۇ؟ مەن سىزدىن نېمىشقا قورقىمەن؟ مەن سىزنى كۆرمىگەن تۇرسام.

—مېنى نېمىشقا كۆرمىدىڭ؟

—كۆزۈم توغما كۆرمەيدۇ.

—نېمىشقا؟

—بىلمەيمەن.

—يورۇق جاھاننى كۆرگۈڭ بارمۇ؟

—ئەلۋەتتە كۆرگۈم بار، بىراق ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

—مەن كۆزۈڭنى كۆرىدىغان قىلىپ قويسام خۇش بولامسەن؟



—بۇ ئىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

—مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، پو ئاتقىنىم يوق، ئەگەر كۆزۈڭنى ساقايتىپ قويسام، مېنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمىگىن جۇمۇ.

—ماقۇل.

دىۋە بالىنىڭ كۆزىگە ئاستا پۈۋلىگەنىكەن، بالىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ. بالا گۈزەل دۇنيانى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. دىۋىنى كۆرۈپ قورققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن دىۋە بىلەن بالا يېقىن دوست بولۇپ ئۆتۈپتۇ. دىۋە بالا ئارقىلىق ئادەملەرگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىپتۇ، نۇرغۇن ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ، يەنە نۇرغۇن ساقايماس كېسەللەرنى ساقايتىپتۇ. بىراق، ئادەملەرنىڭ دىۋىگە بولغان مۇئامىلىسى يەنىلا ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇلار دىۋە بىلەن بالىنىڭ دوستلۇقىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، بالىنى دىۋە بىلەن ئايرىلاشمايدىغان قىلىۋېتىپتۇ. بالا دىۋىنىڭ ناھايىتى ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىنسانلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ. دىۋىمۇ ئامالسىز ئۇلارغا مەڭگۈ كۆرۈنمەيدىغان بوپتۇ. ئايلار ۋە يىللار ئۆتۈپتۇ، ئەمدى بەزى ئاق ساقاللىق بوۋايلار خورسىنغان ھالدا مۇنداق دەيدىغان بوپتۇ:

—بىز ئاشۇ ئاق كۆڭۈل دىۋىنى چۈشەنمەپتۇق، ئەگەر ئۇ بولغان بولسا ئىنسانلاردىكى ساقايماس كېسەللەر مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.



# مايمۇننىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا چوڭ بولغان بىر مايمۇن تولىمۇ ئەركە ۋە ھۇرۇن ئىكەن. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاپىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، ئەركىلەپ، موللاق ئېتىپلا يۈرۈيدىكەن.

بىر كۈنى ئاپىسى مايمۇنغا «بالام، ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەتىگەندىن كەچكىچە يېنىمدىلا يۈرمەي، مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەنگىن» دەپ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ.

مايمۇن ئانىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاشنى باشلىغاندىن كېيىن، ئورمانلىقتىكى دوستلىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق، ئىجىل، خۇشال - خۇرام ئويناپتۇ. لېكىن، ئۇ دەريا بويىدىكى بۇ كىچىككىنە ئورمانلىقتىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا «دەريانىڭ قارشى قىرغىقى زادى قانداقتۇ» دېگەن خىيال كىرىۋاپتۇ. ئۇ دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھەيۋەت بىلەن دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدىن قورقۇپ سۇغا چۈشۈشكە پېتىنالماپتۇ. مايمۇن قارشى قىرغاقتا قانداق قىزىقار-



لىق ئىشلار، گۈزەل مەنزىرىلەر باردۇ دەپ دەريا بويىدا ئولتۇرسا، بىر ئاق كۆڭۈل بېلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مايمۇنجان، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاپسەنغۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بېلىقجان، مەن دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا قانداق نەرسىلەر باركىن دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم.

— بۇ يەردە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىچە دەريادىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ بولمامدۇ؟

— بىراق، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن.

— ئەمىسە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگىن، مەن ساڭا ئۆگىتەي.

بېلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مايمۇن ھەيۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا قورقۇمسىراپ قاراپتۇ.

— مەن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنەلەرمەنمۇ؟

— نېمىشقا ئۆگىنەلمەيسەن، ئەگەر سەندە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىدىغان ئىرادە بولسىلا چوقۇم ئۆگىنەلەيسەن. قوپە، مەن ساڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قوياي.

مايمۇن بېلىقنى ئۇستاز تۇتۇپ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم سۇ ئۈزۈشى بولغاچقا، پۇت - قوللىرى قولاشماي سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ، ھودۇقۇپ كېتىپ دەريانىڭ لاي سۈيىدىن ئىچىۋاپتۇ. ئەگەر بېلىق ئۇنى قىرغاققا ئەپچىقىپ قويمىغان بولسا دەرياغا چۆكۈپ كېتەتتىكەنتۇق. قورقۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مايمۇن ئاچچىقىدا بېلىقنى سىلكىشلەپتۇ:



— بولدى، بولدى، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتمەمەن دەپ تاس قالدىڭ سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى، مەن سۇ ئۇ-

uyghurkitap.com



زۈشنى ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن.

— نېمىشقا ئۆگىنەلمەيسەن؟ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق جاپاسى بولىدۇ، ئازراق جاپانى يەڭسەڭلا چوقۇم سۇ ئۈزەلەيدىغان بولىسەن، بېلىق مايمۇنغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپتۇ.

— سۇ ئۈزۈش ساڭا ئاسان بولغان بىلەن بىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىش، سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ تاس قاپتىمەن جېنىمنى سەپ بەرگىلى.

مايمۇن بېلىققا يەنە بىرمۇنچە دوق قىپتۇ. بېلىق مايمۇننىڭ تاپا - تەنىلىرىنى ئېغىر ئالماي يەنە ئۇنىڭغا:

— دۇنيادا مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. ھەرقانداق ئىشنى جاپادىن قورقماي، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تىرىشساق چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر سەن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ...

— بولدى، سۆزلىمە، — دەپتۇ مايمۇن بېلىقنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سەن ئۆزۈڭچە دۇنيادا مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش يوق دەۋاتىسەن، ئۇنداق بولسا دەريادىن چىقىپ قىرغاقتا يۈرەلەمسەن؟ بىزگە ئوخشاش دەرەختىن - دەرەخكە سەكرەپ موللاق ئاتالامسەن؟ راست گەپنى قىلسام سەن بۇ ئىشنى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشۇرالمايسەن، گېپىمنى يالغان دېسەڭ قىرغاققا چىقە، مەن سېنى ئورمانلىقتا بىردەم ئويناتىپ كېلەي.

مايمۇندىن ئازار يېگەن بېلىق ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي دەريا تېگىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

مايمۇن بېلىقتىن قۇتۇلۇپ ئارام ئېلىپ قالغاندەك بوپتۇ. بىراق، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا بېرىش ئارزۇ-



سىدىن ۋاز كەچمەپتۇ. شۇ چاغدا دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر تومۇچۇق مايمۇننىڭ ئالدىدىكى دەرەخكە قونۇپتۇ. مايمۇن تومۇچۇقتىن سوراپتۇ:

—سەن دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىن كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

—شۇنداق. مېنىڭ ئۆيۈم دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا.

—ئۇياقلار چىرايلىقمۇ؟ نېمىلەر بار؟

تومۇچۇق مايمۇننىڭ قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ باقمىغانلىقىغا هەيران بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى قىرغاقنى ماختاپ بېرىپتۇ:

—قارشى قىرغاق ناهايىتى چىرايلىق، ئۇ يەردىكى گۈلباغلار بەكمۇ گۈزەل. ئۇ باغلاردىكى مەي باغلاپ پىشقان شاپتۇللار، پاھ، پاھ...

تومۇچۇق شۇنداق دەپلا پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تومۇچۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مايمۇن ئولتۇرالماي قاپتۇ، بولۇپمۇ شاپتۇلنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، قارشى قىرغاققا بېرىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. شۇڭا ئۇ دەريادىن ئۆتۈشنىڭ باشقا ئامالىنى تاپماقچى بوپتۇ. ئۇ دەريا بويىدا كېتىۋېتىپ بىر بېلىقچىغا ئۇچراپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ قېيىقىنى سوراپ، قېيىق بىلەن دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. بىراق، مايمۇن پالاق ئۇرۇشنىمۇ بىلمىگەچكە قېيىق ئۆرۈلۈپ كېتىپ، سۇدا ئېقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا هېلىقى بېلىق ئۇنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. قىرغاقتا ئاران هوشىغا كەلگەن مايمۇن يەنە بېلىققا گۇناھ ئارتىپ قايناپ كېتىپتۇ:



—سېنىڭ قىلغان ئىشىڭكەندە، ئەسلىدە قېيىقنى سەن ئۆرۈۋېتىپسەن ـ دە، مەن بىلەن قېرىشىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن خەتەرگە ئۇچراپ قالسام چوقۇم سەندىن كۆرىمەن.

ياخشىلىققا يامانلىق دېگەندەك مايمۇن بېلىقنىڭ غورۇرىغا تې-گىدىغان يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىۋېتىپتۇ. بېلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي سۇغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى مايمۇن ئەتىگەندىن كەچكىچە دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ. مايمۇننىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولغان تاش-پاقا مايمۇندىن سوراپتۇ:

— مايمۇنجان، ساڭا نېمە بولدى؟ ئەتىگەندىن كەچكىچە قارشى قىرغاققا قاراپ ئولتۇرىسەنغۇ؟

—قارشى قىرغاقنى بەك كۆرگۈم بار ئىدى، شۇڭا...

—ئۇنداق بولسا بۇ يەردە ئولتۇرغىچە قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ كۆرسەڭ بولمىدىمۇ؟

—سۇ ئۈزەلمەيمەن.

—ھە، مۇنداق دېگىن، مەن سېنى ئۆتكۈزۈپ قوياي.

تاشپاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مايمۇن بەك خۇشال بوپتۇ.

مايمۇن تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىدە بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆ-تۈشكە باشلاپتۇ. قارشى قىرغاققا يېقىنلاشقانسېرى شاپتۇللۇق باغلار كۆرۈنۈپتۇ. مايمۇن خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بىر دولقۇن مايمۇننى ئۇرۇپ سۇغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

تاشپاقا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئۆزىنىڭ يولىغا راۋان بوپتۇ. دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن مايمۇننى بېلىق قارشى قىرغاققا ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. مايمۇن قۇتۇلۇپ قال-غانلىقىدىن خۇش بولماقتا يوق بېلىقنى ماڭا ئەسكىلىك قىلىۋاتىسەن دەپ يەنە بىرمۇنچە ئەيىبلەپتۇ، بىراق بېلىق



مايمۇنغا ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلماپتۇ.

مايمۇن بۇ يەردىكى شاپتۇللۇق باغلارنى كۆرۈپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈن ئويناپلا زېرىكىشكە، قارشى قىرغاقتا قالغان ئاتا - ئانىسى ۋە دوستلىرىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ، دەريادىن ئۆتەلمەي ئىچى تىتىلداپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا بېلىقمۇ، تاشپاقىمۇ ئۇچرىماپتۇ، ئۇ بېلىققا قوپاللىق قىلغانلىقىدىن پۇشايمان يەپتۇ، شۇڭا دەريا بويىغا كېلىپ سۇغا قاراپ تۇرۇپ:

— بېلىقجان، مەن ساڭا ئۇۋال قىلدىم، ماڭا ياخشىلىق قىلىپ تۇرساڭمۇ يەنە كۆڭلۈڭگە ئازار بەردىم، مېنى كەچۈر، — دەپتۇ.

بېلىق ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ سۇدىن چىقماپتۇ. مايمۇن يۇقىرىقى سۆزنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپتۇ، بېلىق يەنە چىقماپتۇ. مايمۇن ئاخىرى يىغلاپ تاشلاپتۇ. بېلىق مايمۇننىڭ چىن كۆڭلىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى كۆرۈپ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— مايمۇنجان! مايمۇنجان!! — دەپ چاقىرىپتۇ.

بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ ئولتۇرغان مايمۇن بېلىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن «جېنىم دوستۇم قېنى سەن؟!» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ سۇغا كىرىپ بېلىقنى قۇچاقلىۋاپتۇ.

ئۇ بېلىقتىن كەچۈرۈم سوراپ، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. بېلىق مايمۇنغا ئەستايىدىللىق بىلەن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپتۇ، مايمۇنمۇ قىيىنچىلىقتىن قورقماي تىرىشىپ ئۆگىنىپتۇ.



مايمۇن ئاخىرى دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئورمانلىققا قايتىپ كەلگەندە، ئاتا - ئانىسى ۋە دوستلىرى ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سېھىرلىك دۇتار

بۇرۇنقى زاماندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى نامرات بىر مەھەللىدە ياسىنجان ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ياسىنجان ئۇچۇن ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى ئېغىر كەپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى قاسىماخۇن ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، بايلارنىڭ پادىسىنى باقىدىكەن. تورغاي چۇچۇلىماستا تاغ ئىچىدىكى ئوتلاقلا قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ كەتسە، كەچ بولغاندا ئاران قايتىپ كېلىدىكەن.

ياسىنجاننىڭ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ناھايىتى مېھرىبان، زېرەك ئايال بولۇپ، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا بەك ئۇستا ئىكەن. ياسىنجان بوۋاق چېغىدىن تارتىپلا ئانىسىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغاچقا، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا بەك ھەۋەس قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ دادىسى قوي باققىلى كەتكەندە، دۇتارنى تاراڭشىتىپ يۈرۈپ بىرنەچچە پەدىگە چاللايدىغان بوپتۇ. ئۇ كىچىسىمۇ ئانىسىنىڭ پۇرىقى سىڭىپ قالغان دۇتارنى قۇچاقلاپ ئۇخلايدىكەن.

ياسىنجاننىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەھەللە ئاق ساقاللىرى قاسىماخۇنغا قوشنا مەھەللىدىكى ئايىنسا ئىسىملىك بىر جۇۋاننى



ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئايىنىسا ناھايىتى چىرايلىق، كۈلۈپ تۇرىدىغان ئايال بولسىمۇ، ئىچىدىن زەھەر قاينايدىكەن. ئۇ باشتا قاسىماخۇن بىلەن ياسىنجانغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا ئىللىق ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ بېرىپتۇ. ياسىنجاننىمۇ خۇددى ئۆز بالىسىدەك ئەركىلىتىپ، باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ كېتىدىكەن. ئۇ شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ياسىنجاننىڭ دادىسىنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈۋاپتۇ. ياۋاش قاسىماخۇن ئايىنىسانىڭ ھەرقانداق گېپىنى جان دەپ ئورۇندايدىغان بوپتۇ.

ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، كۆڭلى سۇنۇپ قالغان ياسىنجان ئايىنىسانى ئۆز ئانىسىدەك كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ بىكار بولسىلا ئانىسىدىن قالغان دۇتارنى چېلىپ، ئانا ھەققىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىدىكەن. ئاي - كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايىنىسانىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ياسىنجاننىڭ ئانا ھەققىدە ناھايىتى مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، باشتا يالغانلاردىن ماختاپ قويۇپتۇ. كېيىن «كەچكىچە ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرماي، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىمغا ياردەم قىلىڭ!» دەيدىغان بوپتۇ. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياسىنجان دۇتار چالسىلا ئايىنىسا خۇددى چايان چاققاندەك تولغىنىپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇڭا ئۇ قاسىماخۇنغا ياسىنجاننى چېقىشتۇرۇپتۇ:

— ماۋۇ يېتىم ئوغلىڭىز باشتا خېلى بىر ئەقىللىق بالىدەك قىلىۋاتاتتى، گەپ قىلمىسام تازا ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردىغۇ. سىز تاغقا قوي باققىلى كەتكەندە دۇتارنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى ماختاپ، مېنى ھاقارەتلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولۇۋالدى، بۇنىڭدىن



كېيىن ئۇ يەنە ناخشا ئېيتسا مەن بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن.

قاسىماخۇن ئايىنىسانىڭ گېپىگە ئىشەنگەچكە، ياسىنجاننى ئالدىغا چاقىرىپ:

—بالام، سەن بۇنىڭدىن كېيىن دۇتار چالساڭمۇ ناخشا ئېيتمەغىن، —دەپتۇ.

ياسىنجان شۇ كۈندىن باشلاپ ناخشا ئېيتمايدىغان بوپتۇ، بىراق دۇتار چېلىشنى توختاتماپتۇ. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق كۈيلىرىمۇ ئايىنىسا ئۈچۈن ناھايىتى يىرگىنىچلىك تۇيۇلۇپتۇ. ياسىنجان دۇتار چالسىلا ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئاغرىق، يۈرىكىگە سانجىق پەيدا بولىدىكەن. ئۇ چىداپ تۇرالمىغاچقا، ياسىنجاننى قاسىماخۇنغا يەنە چېقىشتۇرۇپتۇ:

—ياسىنجانمۇ چوپچوڭ بولۇپ قالدى. ئوغۇل بالا دېگەننىڭ دادىسىغا يار - يۆلەك بولغىنىنى كۆرگەن، بىراق بۇ بالا دۇتاردىن نېرى كېتەلمەيدىغۇ. بۇرۇنقىلارنىڭ «بۇقىنى كالام دېمەڭ، سازەندىنى بالام» دېگىنى ئەجەبمۇ توغرا ئېيتىلىپتىكەن. ئەمدى ئۇ ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇۋەرمەي، ئۆز ئالدىغا قوي باقسا سىزگىمۇ ئارام ئەمەسمۇ.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ قاسىماخۇن بىر قوي پادىسىنى ياسىنجاننىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئەمدى ياسىنجانمۇ دادىسىدەك پادىچى بولۇپ، تاغدا باي - غوجاملارنىڭ قويىنى باقىدىغان بوپتۇ. ياسىنجان تاغ ئىچىدە زېرىكىپ ناخشا ئېيتسا، تاغۇتاشلار ئۇنىڭغا جۆر بولغاندەك ئەكس سادا ياڭرىتىدىكەن.

ياسىنجان ھەركۈنى تاغدىن يېنىپ كېلىپلا يەنە دۇتارىنى قولىغا ئېلىپ، مۇڭلۇق ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىدىكەن. ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىغا كۈي - نەغمە تولۇپ



كەتكەنىكەن. ئۇ دۇتارنى چالسىلا مۇڭلۇق كۈيلەر تۆكۈلىدىكەن.

بىر كۈنى ئاينىسا ياسىنجانغا ئەتكەن تامىقىنىمۇ بەرمەي، سوغۇق سۇ بىلەن زاغرا ناننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ياسىنجان زاغرا ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەپ قورسىقىنى ئەستەرلەپ، بىردىنلا ئانىسى ئېسىگە كەپتۇ ـ دە، دۇتارنى ناھايىتىمۇ مۇڭلۇق بىر پەدىگە چېلىپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

يۈرىكىمنىڭ پارىسى ئىدىڭ،
جۈپ كۆزۈمنىڭ قارىسى ئىدىڭ.
گۈلباغلارنىڭ لالىسى ئىدىڭ،
جېنىم ئانام، ۋاي جېنىم ئانام.
سەن بولمىغاچ قىستىم مەن بويۇن،
ياتتۇر ماڭا كۆڭۈللۈك ئويۇن.
ئەجەب بۇرۇن، ۋاي ئەجەب بۇرۇن،
كېتىپ قالدىڭ ۋاي جېنىم ئانام.
سەن بار چاغلار ئىدى بىر جەننەت،
بېرەر ئىدىڭ ماڭا مىڭ لەززەت.
سەن بولمىغاچ قەلبىمدە ھەسرەت،
مەن يىغلايمەن ۋاي جېنىم ئانام.

ئاينىسا بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ تاقەت قىلىپ تۇرالماي، خۇددى غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپ كىرىپ ياسىنجاننىڭ قولىدىكى دۇتارنى تارتىپ ئېلىپ دەسسەپ سۇندۇرۇپ، ئوچاقتىكى ئوتقا سېلىۋېتىپتۇ. ئاينىسانىڭ بۇ قىلىقى ياسىنجاننىڭ سەبىي قەلبىنى بەكمۇ ئازابلاپتۇ. بۇ ئىشلاردىن قاسماخۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئىنساننىڭ گېپىنى يېرالمايدىغان بولغاچقا، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ياسىنجان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆيىمۇ دوزاختەك كۆرۈنىدىغان بوپتۇ، پەقەت قوي باققىلى چىققاندىلا ئۆزىنى ئازادە، ئەركىن ھېس قىلىدىكەن. ئۇ قوي باقىدىغان تاغ ئۇنىڭغا مېھرىبان ئانىسىدەك كۆرۈنىدىكەن. شۇڭا ئۇ قوي پادىلىرىنى تاڭ ئاتماستىنلا تاغقا ھەيدەپ كېتىپ، ئۆيگە ئادەتتىكىدىنمۇ كەچ قايتىدىغان بوپتۇ. قويلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك تۇغقانلىرىدەك بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. قويلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ياسىنجان قويلارنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، ئۆزىنى يۇمران چۆپ ئۈستىگە تاشلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپتۇ. چۈنكى، ئاينىسانىڭ ئۇنىڭ ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك دۇتارىنى رەھىمسىزلەرچە كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ئۇنى بەك ئازابلاپتۇ. شۇ چاغدا ياسىنجان بېقىۋاتقان قويلارنىڭ ئەڭ چوڭى قارا باشلىق ساغلىق ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغانىكەن. ياسىنجان كۆزىنى ئېچىپ قارا باشلىق ساغلىقنىڭمۇ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپتۇ. شۇ چاغدا ساغلىقتىن زۇۋان چىقىپتۇ.

—ياسىنجان، بايا نېمە ئۈچۈن يىغلىدىڭ؟

خۇددى مېھرىبان ئانىلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بۇ ئاۋاز ياسىنجاننى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، ساغلىقنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپتۇ:

— قارا باشلىق ساغلىقىم، سېنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭدىن ناھايىتى خۇشالمەن، مەن ئانامدىن قالغان تەۋەررۈك دۇتار ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن، مەن ئاشۇ دۇتارنى خۇددى



ئانامنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتىم، بىراق ئۇنى ئۆگەي ئانام كۆيدۈرۈۋەتتى... — ياسىنجان گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— ھە، ئەسلى ئىش مۇنداقمىدى، ئۇنداق بولسا...

قارا باشلىق ساغلىق ئاچچىق مەرىۋەتكەندىن كېيىن، قويلار تو-پىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ياسىنجان ئورنىدىن تۇرۇپ قويلار تەرەپكە كې-تىۋېتىپ، چاقناپ تۇرغان بىر نەرسىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، باشتا ئۇ خۇددى ئالتۇن قوشۇقتەك كۆرۈنۈپتۇ. ياسىنجان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغاندا «ئالتۇن قوشۇق» تىن سادا كەپتۇ.

— ئەي ياسىنجان، مېنىڭ ئىسمىم سېھىرلىك دۇتار.

— نېمە؟ سېھىرلىك دۇتار؟!

— شۇنداق.

ياسىنجان ھېلىقى «ئالتۇن قوشۇق» قا سىنچىلاپ قارىسا ئالتۇن قوشۇق بىردىنلا يوغىناپ، ناھايىتى چىرايلىق نەقىشلىك دۇتارغا ئاي-لىنىپتۇ. ئۇ دۇتارنىڭ بىر يەرلىرى ياسىنجاننىڭ ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك دۇتىرىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ ياسىنجان خۇ-شاللىقىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— دۇتار! دۇتار!! دۇتار!!!

سېھىرلىك دۇتار ھاياجىنىنى باسالمايۋاتقان ياسىنجانغا مۇنداق دەپتۇ:



— سىز ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىمي بالا بولغاچقا، سىز بىلەن دوست بولماقچىمەن، ئەمدى سىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىمەن. مەن ئادەتتە قوشۇقچىلىك كىچىكلەپ، ۋاقتى

كەلگەندە يەنە يوغىنالايمەن، سىز خالىغان ئىشنىڭ ھەرقاندىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىمەن.

سېھىرلىك دۇتار گېپىنى تۈگىتىپلا ئالتۇن قوشۇققا ئايلىنىپ ياسىنجاننىڭ يانچۇقىغا ئورۇنلىشىپتۇ.

ياسىنجان كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئاينىسادىن يەنە ئورۇنسىز تىل ئاڭلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ سېھىرلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

مېھرىبان ئانام بولسا،
شادلىنىپ كۈلۈپ يۈرسەم.
ئاينىسا ئانامنىمۇ،
ئۆز ئانام كەبى كۆرسەم.

مۇشۇ ناخشىدىن كېيىنلا ئاينىسا بىردىنلا مېھرىبان ئانىغا ئايلىنىپ، ياسىنجانغا ئۆز بالىسىغا ئوخشاش جان كۆيدۈرىدىغان بوپتۇ. ياسىنجانمۇ ئاينىسانى خۇددى ئۆز ئانىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان بوپتۇ، كۈنلىرىمۇ شادلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ.

ئاينىسا سېھىرلىك دۇتارنىڭ خاسىيىتى بىلەن مەڭگۈلۈك مېھرىبان ئانىغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياسىنجان سېھىرلىك دۇتارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ نۇرغۇنلىغان خەيرلىك ئىشلارنى قىپتۇ. ئاچ قالغانلارغا تاماق، يالىڭاچ قالغانلارغا كىيىم بېرىپتۇ. كەمبەغەللەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ھاجىتىدىن چىقىپتۇ. سېھىرلىك دۇتارنىڭ سېھىرلىك كۈيى قەلبلەرگە شادلىق بېغىشلاپتۇ.



# جازانىخور ۋە غاز



بولغانىكەن «قادىر» ئاتلىق
بىر جازانىخور،
قاقشىتىپ ئۇ ئەل - خەلقنى
سۈرەركەن ھۇزۇر.
پايدا ئۈچۈن قاترايدىكەن
ھەممىلا يەردە،
ئۇنىڭ كۆزى پۇلدا ئىكەن
خىيالى زەردە.
نەپسى ئۈچۈن قىلىۋەرگەچ
ئەلگە زىيانلىق،
ئاي - كۈن ئۆتۈپ ئۇنىڭغىمۇ
كەپتۇ يامانلىق.
بايلىقلىرى تۈگەپ ئۇنىڭ
قاپتۇ يالىڭاچ،
ئەل يەكلىگەچ يۈرۈيدىكەن
كۈندە ئۇسسۇز، ئاچ.
چىدىماپتۇ بۇ كۈنلەرگە

بىچارە قادىر،
سۆرىلىپ ئۇ كوچىلاردا
تىترەپتۇ دىر ـ دىر.
ئۆلۈۋېلىش كەپتۇ ئاخىر
ئۇنىڭ ئويىغا،
شۇ مەقسەتتە كەپتۇ ئۇ بىر
كۆلنىڭ بويىغا.
تاشلىنىۋالماق بولۇپ كۆلگە
يۇمۇپ كۆزىنى،
تۇتۇۋاپتۇ قادىر يەنە
دەرھال ئۆزىنى.
نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ
ئۇنىڭدا بۇ ھال،
ئولتۇرۇپتۇ كۆل بويىدا
بولۇپ بەك ئوسال.
يۇرگەن ئىكەن ئاشۇ چاغدا
كۆلدە بىر چوڭ غاز،
جانلاندۇرۇپ كۆل باغرىنى
ياڭرىتىپ شوخ ساز.
قادىرنىڭكى ھەرىكىتىنى
كۆرۈپ ئاشۇ غاز،
ئۇنىڭدىكى غەيرىيلىكىن
سېزىپتۇ بىر ئاز.
ئۇ غاز ياخشى ئادەملەردىن

كۆرگەچ كۆپ شەپقەت،
ئۇلار ئۇچۇن باركەن چەكسىز
سۆيگۈ، مۇھەببەت.
شۇڭا كەپتۇ غاز قادىرنىڭ
ئالدىغا ئاستا،
«ئېيتقىن ساڭا نېمە بولدى
ئەي ئادەم ئاتا.
سەندە غەم بار، ئەمەس مېنىڭ
پەرىزىم خاتا.
ئادەملەردىن كۆپ ياخشىلىق
كۆرگەنىدىم مەن،
شۇڭا جاۋاب ياندۇراي دەپ
يۈرگەنىدىم مەن.
قانداق گېپىڭ بولسا ماڭا
ئېيتقىن تارتىنماي.
دەردلىرىڭدىن بولدى مانا
مەن جۇدا قىلاي.»
بۇنى ئاڭلاپ قادىر خۇش بوپ
گەپ قىلالماپتۇ،
ئۇنى غەيرىي بىر خىياللار
ئىلكىگە ئاپتۇ.
«راستىنى ئېيتسام قالدىم ئېغىر
كۈلپەتكە ئەي غاز،
مېنىڭ ئۇچۇن زىمىستاندۇر

ھەتتا باھار، ياز.
يوقسۇزلۇقتىن قورساق تويماي
زارلاندىم كۈندە.
ئۆلۈۋالاي دېگەنىدىم
سەكرەپ بۇ كۆلگە.
شۇڭا مېنى بۇ كۈنلەردىن
قۇتقۇزۇپ قويغىن.
بايلىقلىرىڭ بولسا ماڭا
تۇتقۇزۇپ قويغىن.»
غاز شۇ چاغدا سۇ تەكتىگە
كىرىپ كېتىپتۇ،
كۆپ ئۆتمەستىن كۆل ئۈستىگە
لەيلەپ چىقىپتۇ.
غاز ئاغزىدا چاقنايدىكەن
مۇشتەك بىر گۆھەر،
خۇشال بولۇپ كېتىپتۇكى
قادىر شۇ قەدەر.
رەھمەت دېمەي چېپىپتۇ ئۇ
گۆھەرنى ئېلىپ،
ئەمدى چوڭ باي بوپتۇ قادىر
گۆھەرنى سېتىپ.
قادىر خۇشال ئويناپ، كۈلۈپ
يۈرگەن شۇ چاغدا،
شاھنىڭ قىزى كېسەل بولۇپ



قاپتۇ بىر داغدا.
دەپتۇ تېۋىپ قىزغا غازنىڭ
گۆشى شىپاكەن،
بىراق ئەركەك غازنى تاپماق
مۇشكۇل، جاپاكەن.
«كىمكى تاپسا ئەركەك غازنى
بېرىمەن ئىنئام،
كۈيئوغۇل بوپ شاھلىقىمنى
قىلىدۇ داۋام.»
بۇ پەرماننى ئاڭلاپ قادىر
ئۇلتۇرالماپتۇ،
خۇشال بولۇپ كۆل بويىغا
دەرھال يول ئاپتۇ.
«مېنىڭ ئۇچۇن يەنە بىر رەت
قىل ياردەم ئەي غاز،
غەم ئىلكىدە بولۇپ قالدىم
كۆزۈم نەم ئەي غاز.»
كۆل بويىدا پەيدا بوپتۇ
ئەركەك غاز شۇ چاغ،
ئادەم ئاتا ساڭا ياردەم
قىلىمەن قانداق؟»
«قۇلىقىڭغا دەيمەن غېرىم
كەلگىن يېقىنراق،»
تۇتۇۋاپتۇ غازنى قادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەپ قويۇپ شۇنداق.
شاھ ئوردىسىغا چېپىپتۇ ئۇ
بولۇپ پاتىپاراق،
غاز شۇ چاغدا ھەسرەت بىلەن
چېكىپتۇ پىراق.
«قويۇۋەتكىن!» دېسە قادىر
ئۇنىماپتۇ بىراق.
شۇ چاغدا غاز پۇشايماندا
تۆكۈپتىكەن ياش،
كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپتۇ
بولۇپ ئالماس تاش.
ئالماسلارنى كۆرۈپ قادىر
غازنىمۇ ئۇنتۇپ،
تېرىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىپتۇ
ئولتۇرۇپ، قوپۇپ.
غاز شۇ چاغدا كۆككە قاراپ
ئۇچۇپتۇ ئۆرلەپ،
ئۆز ئىشىدىن قاپتۇ قادىر
بەك پۇشايمان يەپ.

# ئەركىن سىزغان رەسىملەر



ئەركىن رەسىم سىزىشقا ئۇستا بولسىمۇ، بەزىدە رەسىمنى ئەستايدىل سىزماي، كۆرگەنلا يەرگە قالايمىقان رەسىملەرنى جىجاپ قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئەركىن مەكتەپتە توپ ئويناپ ئۆيگە كەچرەك قايتىپتۇ. مەكتەپ بىلەن مەھەللىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قويۇق ئورمان بار ئىكەن. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بېرىپ كېلىدىغان چاغدا قاينام تاشقىنلىققا چۆمىدىغان بۇ يول باشقا چاغدا ناھايىتى تىمتاس ۋە سۈرلۈك ئىكەن.



بۈگۈن قاراڭغۇ بولۇپ قالغاچقا، ئەركىن ئۈچۈن بۇ يول تېخىمۇ سۈرلۈك تۇيۇلۇپتۇ، شۇڭا ئۇ بالىلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن پۇشايمان يەپتۇ. ئەركىن سەل قورقۇپ كېتىۋاتقاندا، ئاجايىپ غەلىتە مەخلۇقلار ئۇنىڭ پۇت - قولىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



يەرگە تەگكۈزمەي ئورمانغا ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئەركىن قورقۇپ كەتكەچكە «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراشقىمۇ مادارى يەتمەپتۇ. ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقلار ئۇنى ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ، بىر تې-رەككە چەمبەرچاس باغلاپتۇ. ئەركىن ئەمدى ئۆزىنى دەرەخكە باغلاۋاتقان غەلىتە مەخلۇقلارغا قاراپتۇ. ئۇلار كۆزى جىرتاق، قېشى يوق، ئاغزى مايماق، چىشى يوق، بىر قولى ئۇزۇن، بىر قولى قىسقا، بىر پۇتى يو-غان، بىر پۇتى كىچىك غەلىتە مەخلۇقلار ئىكەن. ئالدى بىلەن بېشى ھەممىدىن يوغان، مايماق ئېغىز مەخلۇق سۆزلەپتۇ:

— ھە، ئەركىن دېگەن سەنغۇ، بىزنى تونۇمايۋاتامسەن، سەن بىزگە ئېغىر ئازاب ئېلىپ كەلگەن جىنايەتچى، بىز بۈگۈن سېنىڭدىن ئۆچ ئالىمىز!! باشقا غەلىتە مەخلۇقلارمۇ يوغانباش مەخلۇققا ئەگىشىپ توۋلاپتۇ:

— شۇنداق، ئۆچ ئالىمىز.

— مەن سىلەرنى تونۇمىسام، يا سىلەرگە يامانلىق قىلمىسام، مەندىن نېمە دەپ ئۆچ ئالماقچىسىلەر؟

ئەركىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن شۇ گەپنى ئاران دېيەلەپتۇ.

— نېمە؟! سەن بىزنى تېخى تونۇمايدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟ بىزنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كەلگەنمۇ، مۇشۇنداق غەلىتە مەخلۇق قىلىپ قوي-غانمۇ سەن. سەن بىزنى بۇنداق يېرىم يارتا سىزىپ قويمىغان بولساڭ، بىز بۇنداق غەلىتە بولۇپ قالمايتتۇق.

شۇ چاغدا يا يولۋاسقا، يا كالىغا ئوخشىمايدىغان غە-لىتە بىر مەخلۇق سەت ھۆركىرىگىنىچە ئەركىننىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.



— سەن مېنى تونۇدۇڭمۇ، مەن زادى يولۋاسمۇ، كا-

لىمۇ؟ مەن هازىر يا يولۋاس ئەمەس، يا كالا ئەمەس غەيرىي بىر مەخلۇق بولۇپ ياشاۋاتىمەن. مېنى يولۋاسلارمۇ، كالىلارمۇ ئارىغا ئالمايدۇ.

— مەن سېنى تونۇمىدىم، سەندەك غەلىتە هايۋاننى كۆرمەپتىكەنمەن، — قورقۇپ كەتكەن ئەركىن تىلىنى چايناپ دۇدۇقلاپتۇ.

— نېمە؟! سەن مېنى تونۇمىساڭ كىم تونۇيدۇ؟ سەن مېنى مۇشۇنداق سىزىپ قويمىغان بولساڭ ... — غەلىتە مەخلۇق كالىنىڭ مۆرىشىگىمۇ، يولۋاسنىڭ هۆركىرىشىگىمۇ ئوخشايدىغان ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ.

— مەن، مەن... — ئەركىن بۇ غەلىتە مەخلۇقنىمۇ ئۆزى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدىن هەيران بولۇپ دۇدۇقلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا يۇقىرىقىدىنمۇ سەت غەلىتە مەخلۇقلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار بەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ قالايمىقان ۋارقىراۋەرگەچكە، يوغانباش مەخلۇق ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەرنى مانا مۇشۇنداق يارىتىپ قويغان ئادەمنى تۇتۇپ كەلدۇق. ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىڭلار بولسا بىر - بىرلەپ چىرايلىقچە دەڭلار، ئۇ هېچ يەرگە قاچالمايدۇ. كۆرگەنسىلەر، بىز ئۇنى باغلىۋەتتۇق.

يوغانباشنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقان غەلىتە مەخلۇقلار ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى ئەركىن تام تورۇسلارغا، دەرەخ - تۇۋرۇكلەرگە، پارتا - ئورۇندۇقلارغا قولىنىڭ ئۇچىدا سىزىپ قويغان سەت رەسىملەردىن تۆرەلگەن غەلىتە مەخلۇقلار ئىكەن. لېكىن، ئەركىن بۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆزى سىزغان رەسىملەردىن تۆرەلگەنلىكىگە ئانچە ئىشەنمەپتۇ.



— سەن مېنى كەپتەر دەپ سىزغانىدىڭ، لېكىن قاناتلىرىم يوق بولغاچقا، ئۇچاي دېسەم ئۇچالمايمەن، ماۋۇ مايماق

كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇمشۇقۇم بىلەن تۇزۇكرەك دانمۇ يېيەلمەيمەن. مېنى كەپتەرلەر ئارىغا ئالمايدۇ، ئۇلارغا كەپتەرلىكىمنى شۇنچە ئېيتساممۇ كەپتەر دېگەن سەندەك سەت بولمايدۇ، كەپتەر بولساڭ ئۇچۇپ باقمامسەن دەپ ئىشەنمىدى. سەن مېنىڭ ئازابىمنى بىلەمسەن! بۈگۈن چوقۇم سېنى...

كەمتۇك كەپتەرنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئۇنىڭ كەينىدە ئۆچىرەت تۇرغانلار ئۇنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

— بولە، بولە، بىزنىڭ دەردىمىز سېنىڭكىدىنمۇ كۆپ، يالغۇز سېنىڭلا دەردىڭ باردەك...

— مەن كەمتۇك ئات.

— مەن پۇتى يوق بۆغا.

— مەن كۆزى يوق قوي.

— مەن...

غەلىتە مەخلۇقلار بىر - بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ يەنە قىيا-چىيا قىلىشقا باشلاپتۇ. يوغانباش مەخلۇق ئۇلارنى يەنە تىنچلاندۇرۇپتۇ.

— مەن سىلەرگە بايا نېمە دېدىم؟ گەپ بولسا بىر - بىرلەپ قىلمامسىلەر، ئۆز ئىگەڭلارنى پارچىلاپ يەمسىلەر نېمە؟! — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەركىننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا ئەركىن ئەستايىدىللىق بىلەن چىرايلىق قىلىپ سىزغان رەسىملەردىن تۆرەلگەن يولۋاس، پىل، يىلپىز، ئات قاتارلىقلار ئەركىن سوراق قىلىنىۋاتقان ئورمانلىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەنە بىر ئورمانلىقتا ئەركىننى قۇتقۇزۇۋېلىش توغرىسىدا جىددىي مەسلىھەتلىشىپتۇ.



— سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار يوق بولۇشى مۇمكىن، ھا-

زىر بىزنىڭ ئىگىمىزنى غەلىتە مەخلۇقلار تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئىگىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن، تېز بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايلى!

يولۋاسنىڭ گېپى باشقىلارغا ئانچە خۇشياقماي ئۆزىچە غۇدۇرۇشۇپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي، بىزنىڭ ئىگىمىز، ئىگىمىزلا دەپ كېتىدىكەنمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى بىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىمىز بار؟ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى...

— ھەي ئەخمەقلار، ئەگەر ئىگىمىز يامان بىر ئىشقا ئۇچرىسا بىزمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيمىز، ئۇ مەۋجۇت بولمىسا بىزمۇ مەۋجۇت بولمايمىز.

يولۋاسنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن باشقىلارمۇ ھەرىكەتكە كەپتۇ. ئۇلار يولۋاسنىڭ باشچىلىقىدا ئەركىننى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىپتۇ.

غەلىتە مەخلۇقلار ئەركىنگە بەس - بەستە ۋارقىراۋاتقانىكەن.

— سەن بىر كۆزۈمنى يوق قىلىپ قويۇپتىكەنسەن، مەنمۇ بىر كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن.

— سەن مېنى بىر پۇتى يوق قىلىپ قويۇپتىكەنسەن، مەنمۇ سېنىڭ بىر پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن.

— سەن مېنى ئېغىزى يوق قىلىپ قويۇپتىكەنسەن، مەنمۇ سېنىڭ ئاغزىڭنى تىكىۋېتىمەن.



غەلىتە مەخلۇقلار ئەركىننى قىيما - چىيما قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، يولۋاس، يىلپىزلار يېتىپ كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئەركىن يولۋاس، يىلپىزلارنىڭ رەسىمىنى ئەستايىدىللىق بىلەن چىرايلىق

سىزىپتىكەن، بولمىسا ئۇ ئاشۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ قولىدا ھالەك بولاتتىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن رەسىم سىزىشنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەستايىدىل سىزىدىغان بوپتۇ. كۆرگەنلا يەرگە قالايمىقان نەرسىلەرنى سىزىپ قويىدىغان ئادىتىنى تاشلاپتۇ.





# بۇغا، تۈلكە، بۆرە





گۈزەل تاغ باغرىدا ئانا بۇغا ئىككى بالىسى بىلەن ياشايدىكەن. ئانا بۇغا بالىلىرىغا ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولۇپ، كېچە-كۈندۈز بالىلىرىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن. تۇرۇپ تۇرۇپلا يىرتقۇچ بۆرە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. يەنە بەزىدە ھىيلىگەر تۈلكە بۇغا بالىلىرىنى ئالداپ ئېزىقتۇرماقچى بولىدىكەن، شۇڭا ئانا بۇغا بالىلىرىدىن بەك ئەنسىرەيدىكەن.

ئانا بۇغىنىڭ ئىككى بالىسى تۈلكە بىلەن بۆرىنىڭ سىياقىنى بىلمىگەچكە، ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار ئاپىسىنىڭ تاغقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، جىرالار ئىچىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە قىزىقىپ، ئۆيىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. ئۇزۇندىن بېرى بۇغا بالىلىرىنىڭ پېيىدە يۈرگەن تۈلكە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھىيلىگەرلىك بىلەن سالام قىپتۇ:



— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۆيۈملۈك بۇغىچاقلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىلەرنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن، سىلەر مېنى تونۇماسلىقىڭلار مۇمكىن، مەن سىلەر بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن تۈلكىجان بولىمەن.

—شۇنداقمۇ؟ —دەپتۇ بۇغىچاقلارنىڭ كىچىكى ساددىلىق بىلەن،

—ئاپام سىز توغرۇلۇق دائىم بىزگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان، سىز بەكمۇ...

ئەسلى ئۇ «سىز بەكمۇ قۇۋ، ھىيلىگەر ئىكەنسىزغۇ» دېمەكچىكەن. بۇغىچاقلارنىڭ چوڭى ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

—سىز بەكمۇ باتۇر، قەيسەر ئىكەنسىز...

—ھى، ھى، ھى... — تۈلكە مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپتۇ،— ئاپاڭلار بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، مەن ئاپاڭلار دېگەندەك ئۇنچىۋالا باتۇر بولمىساممۇ، بۇغىلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. مەن ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايمەن. سىلەرنىڭ بوۋا، مومىلىرىڭلار بىلەن بوۋام، مومام يېقىن دوستلاردىن ئىكەنتۇق. كېيىن باشقىلار ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، بىزنىڭ پاك ۋە سەممىي كۆڭلىمىزنى خاتا چۈشەندۈرۈپ، تۈلكىلەر قۇۋ، ھىيلىگەر دەپ گەپ تارقاتقانمىش. بەلكىم ئاپىڭىز ھازىرمۇ بىزنى قۇۋ، ھىيلىگەر دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

تۈلكىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بۇغىچاقلار دەرگۇمان بولۇپ قاپتۇ-دە «بۇ تۈلكە راست گەپ قىلىۋاتامدىغۇ، قارىغاندا ئاپام بۇلارنى خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىكەن-دە» دەپ ئويلاپتۇ. تۈلكە بۇغىچاقلارنى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى ئوتلاققا ئاپىرىپ يۇمران ئوت-چۆپلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. بۇلدۇقلاپ تۇرغان سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچىشكە تەكلىپ



قىپتۇ. چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىۋېتىپتۇ، تېخى تۆۋەندىكى ناخشىنىمۇ ئېيتىپ بېرىپتۇ:

ئەي بۇغىلار، بۇغىلار،
سىلەر بىزنىڭ دوستىمىز.
ئەسلى ئىناق ئۆتەتتى،
بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز.
ئەي بۇغىلار، بۇغىلار،
كەلگىن بىللە ئوينايلى.
ئاداۋەتنى تۈگىتىپ،
ئىناقلىقتىن يايرايلى.

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆيگە سولىنىپ، ئەركىن ئوينىيالمىغان بۇغىچاقلار بۈگۈن تولكە بىلەن قانغۇدەك ئوينىغاچقا، خۇشاللىقىدىن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. شۇ چاغدا بۇغىچاقلارنىڭ چوڭى كۈننىڭ كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇكىسىغا «ئۇكام، ئەمدى كېتەيلى، بولمىسا ئاپام ئىزدەپ قالىدۇ» دەپتۇ. كىچىك بۇغىچاقنىڭ كەتكۈسى بولمىسىمۇ، ئاكىسى كېتىمىز دېگەچكە، ئامال يوق كېتىدىغان بوپتۇ.

تولكە ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك دوستانە ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— بوپتۇ، بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك بولسۇن، بۇغا ھاممام سىلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ قالمىسۇن! ئەگەر ئوينىغىڭلار بولسا ئەتە يەنە كېلىڭلار!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۆغىچاقلار تۈلكىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئەتە يەنە كەلمەكچى بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئانا بۆغا بالىلىرىنىڭ بۈگۈن يىراققا بېرىپ ئويناشقانلىقىنى سېزىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ھېچنەرسە دېمەپتۇ.

ئەسلى تۈلكە بۆرىگە خۇشامەت قىلىپ، مەن چوقۇم سىزگە سېمىز بۆغىچاقلاردىن ئەكىلىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولغاچقا، بۆرە ئۇنىڭغا ئۆز ۋەدىگىنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرمىساڭ مەندىن كۆرىدىغىنىڭ بار، دەپ تەھدىت سالغانىكەن. شۇڭا بۈگۈن بۆغىچاقلارنىڭ ئۇچراپ قالغانلىقى ئۇنى بەك خۇشال قىپتۇ. تۈلكە بۆغىچاقلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بۆرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ.

تۈلكە بۆرە ياشايدىغان ئورمانلىققا كەلگەندە، تۇزۇكرەك بىرەر نەرسە يېمىگەن بۆرە ئالدى پۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە تۇمشۇقىنى قويۇپ مۈگدەپ ياتقانىكەن. ئۇ تۈلكىنى كۆرۈپ جانلىنىپ كېتىپتۇ:

—ھە تۈلكىباي، بۈگۈنمۇ قۇرۇق قول كەپسەنغۇ!

—بۆرە ئاكا، مەن قۇرۇق قول كەلگىنىم بىلەن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

—نېمە خۇش خەۋەر ئۇ؟ قورساق ئاچقاندا قۇرۇق خۇش خەۋەرنىڭ نېمە پايدىسى، خۇش خەۋەر دېگەننى يېگىلى بولامتى.

تۈلكە ئەترابقا سىنچىلاپ قاراپ، بۆرىنىڭ قۇلىقىغا خۇشامەت بىلەن بىر نەرسىلەرنى دەپ ھىجاراپتۇ.

ئانا بۆغا ئەتىگەندە قوپۇپ، بۆغىچاقلارغا ئۆيدىن يىراق كەتمەڭلار دەپ تاپىلاپ، يەنە تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئويۇنغا ئالدىراپ كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىغان بۆغىچاقلار ئاپىسىنىڭ قارىسى يوقىشى بىلەنلا تاغ ئۈچىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بۆغىچاقلار تۈنۈگۈن ئوينىغان تاغ ئۈچىگە كەلگەندە،



تۈلكە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ ھەم ئۇلارغا تونۇگۇنكىدەك تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئوينىتىپ، تاغ جىراسىنىڭ ناھايىتى تار يېرىگە باشلاپ بېرىپتۇ.

بۇ يەردىكى ئۆزگىچە مەنزىرىلەر بۇغىچاقلارنى بەك جەلپ قىلغاچقا، ئۇلار خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپتۇ. باياتىدىن بېرى چىنار دەرىخىنىڭ كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بۆرىنىڭ سېمىز بۇغىچاقلارنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ كېتىپتۇ-دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنى تارچۇققا قاپسىۋاپتۇ. چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان بۆرىنى كۆرگەن بۇغىچاقلار قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. پۇتلىرى بوشىشىپ، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەپتۇ. بۆرە كىچىك بۇغىچاقنى يېمەكچى بولۇپ ئېتىلىشىغا ئانا بۇغا بۇغا پادىشاھىنى باشلاپ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بوپتۇ. بۇغا پادىشاھى ئاچماق مۈڭگۈزلىرى بىلەن بۆرىنى ئۈسۈپتۇ. بۆرە بىلەن بۇغا ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىش باشلىنىپتۇ. بۇغا باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، بۆرىنىڭ ھەر ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېتىپتۇ. كۆزىدىن ئايرىلغان بۆرە قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ئاچچىق ھۇۋلىۋېتىپتۇ. بالىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ قويغان بۇغا بۆرىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپتۇ، تۈلكە قاياقلارغىدۇر بەدەر تىكىۋېتىپتۇ...

خەتەردىن قۇتۇلغان بۇغىچاقلار يارىلانغان ئاپىسىغا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپتۇ. ئەسلىدە ئانا بۇغا بالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماراپ كەلگەنىكەن. بۇغىچاقلار ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، ئۇنى ھەرگىز ئالدىمايدىغان بوپتۇ.



# ياچىۋەك بىلەن چېكەتكە



چاتقاللىقتا ياشايدىغان ياچىۋەك بەكمۇ بىلەرمەنكەن. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا بىلمەيدىغىنىم يوق دەپ يۈرۈيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چېكەتكە بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ. چېكەتكىمۇ پوچى بولغاچقا، ياچىۋەككە چوڭچىلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

—ھەي، بىز ھاشاراتلەرنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن جومۇ، تۈنۈگۈن قۇشلار بىلەن ئۇچۇش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ قالدىم. مەن بەرىبىر يېڭىلىپ قالمەنغۇ دەپ مۇنداقلا ئۇچۇپ قويۇپتىكەنمەن، بىرىنچى بوپتىمەن. قۇشلار نارازى بولغاندەك غودۇرۇشۇپ كەتتى، مۇكاپاتنى ئالغان ۋاقتىمدا ئىچى تارلىقى كېلىپ ئولتۇرالماي قېلىشتى.

—نېمە؟! —دەپتۇ ياچىۋەك پوچى چېكەتكىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇنى مەنسىتمىگەندەك، —بىز ھاشاراتلەر دەپ كىمنى دەۋاتىسەن؟ خىيالىڭدا مېنىمۇ ھاشارات دېمەكچىمۇ. مەن ھاشارات ئەمەس قۇش! قۇش بولغاندىمۇ ھەرقانداق قۇشتىن تېز ئۇچىدىغان قۇش، سەن قايسى قۇشلار بىلەن مۇسابىقىلەشكەن ئىدىڭ؟



—مەن، مەن... — چېكەتكە يالغان سۆزلەۋاتقاچقا

بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ ساناپتۇ، — ئاق قۇشقاچ، تومۇچۇق، تورغاي، قارىغوجا...

— ھە، شۇلارمىدى، ئۇلارنى قۇش دېگىلى بولامدۇ؟ بىز ئۇلارنى ئانچە كۆزگە ئىلمايمىز. ئۇلارنىڭ ئۇچۇشىنى ئۇچۇش دېگىلى بولمايدۇ، خۇددى پاقىنىڭ سەكرىگىنىدەك ئۇچىدىغان نەرسىلەر ئۇ. ئۇلار بىلەن ئۇچۇش مۇسابىقىسىگە چۈشتۇم دېگۈچە نومۇس قىلىساڭچۇ.

ياچىۋەك ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى ھوزۇرلىنىپ مەيدىسىنى كېرىپتۇ. چېكەتكە ياچىۋەكنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنى گەپكە سالماقچى بوپتۇ.

— مەن سىزنى بىزنىڭ جەمەتىمىزدىن، قۇشلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دەپ ئويلاپتىمەن.

— سەن چېكەتكىلەر نېمىنى بىلەتتىڭ، كەمتەرلىك قىلىپ ھەرقايسىڭ بىلەن ئانچە - مۇنچە ئارىلىشىپ قويسام، مېنى ئۆزلىرىڭنىڭ جەمەتىگە قوشىۋالماقچىكەنسىلەردە... مېنىڭ ئۇچقىنىمنى كۆرۈپ باقمىدىڭغۇ دەيمەن؟

— كۆرمەپتىكەنمەن.

— قانىتىم يارىلانمىغان بولسا ساڭا ئۇچۇش دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياتتىم.

ياچىۋەك يالغان گەپلىرىگە چېكەتكىنىڭ ئىشەنگەن - ئىشەنمىگەنلىكىنى تازا بىلەلمەي، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپتۇ.

— قانىتىڭىز نېمە بولۇپ يارىلاندى؟

— ھەممىسى شۇ ھېلىقى لاچىن دېگەن ئۇلەرمەننىڭ ئىشى بولمامدۇ. ئالدىنقى ھەپتە ئۇ ئۇچۇش ماھارەتلىرىڭىزدىن ئاززاق ئۆگىتىپ قويسىڭىز دەپ كەپتۇ، ۋاقتىم يوق



دېسەم يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆك تاغقا بىللە باردۇق. ئۇچۇش ماھارىتى دېگەننى ئاشۇنداق ئاسمىنى كەڭرى يەردە قىلمىسا، بۇنداق چاتقاللىقتا ئۇچقىلى بولاتتىمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچۇش، قاڭقىپ ئۇچۇش، ئۆرلەپ ئۇچۇش، شۇڭغۇپ ئۇچۇش، لەيلەپ ئۇچۇش، پەسلەپ ئۇچۇش قاتارلىق ماھارەتلىرىمنى ئۆگەتتىم. پەسلەپ ئۇچۇش ماھارىتىنى ئۆگىتىۋاتقاندا، ئۇ بەك پەسلەپ كېتىپ، بىر بۆرىگە تۇتۇلۇپ قالدى. لاچىنىنىڭ نالىسىغا چىدىمىدىم، مەن سەللا بىخەستەلىك قىلسام لاچىن جېنىدىن جۇدا بولاتتى. دوست دېگەن ئاشۇنداق چاغدا ئەسقاتمىسا قانداق چاغدا ئەسقاتىدۇ؟ مەن غەزەپ بىلەن بۆرىنىڭ تۇمشۇقىغا قانتىم بىلەن شۇنداق ئۇرۇپتىمەنكى، بۆرە لاچىننى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى. بىراق، بۆرە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالغاچقا قانتىم قورام تاشقا تېگىپ زەخىملەندى. دوستۇم لاچىن مېنى ئۆزى ئەكىلىپ قويمىغان بولسا تاغ ئىچىدە نېمە بولىدىغىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم.

— شۇنداقمۇ؟ ئالدىنقى ھەپتە مەن دېڭىزغا بېرىپ بېلىقلار بىلەن سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىگە چۈشتۈم...

بۇ چاتقاللىق دېڭىزدىن ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا، چېكەتكە دېڭىزنى تېخى كۆرمىگەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ياچىۋەكنىڭ ئېيتىۋاتقان پولىرىغا چىداپ تۇرالماي ئاغزىغا كەلگەنچە پو ئېتىپتۇ.

ياچىۋەك پوچىلىق ۋە بىلەرمەنلىكتە دائىم چېكەتكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولغاچقا، يالغان - ياۋىداقلىرىنى يەنە ياغدۇرۇپتۇ:

— ئالدىنقى ھەپتە باردىم دەمسەن؟ مېنىڭ دېڭىزدىن كەلگىنىمگە بىر سائەتمۇ بولمىدى. مەن دېڭىزغا بارسام



بېلىقلارنى كۆزۈمگىمۇ ئىلمايمەن. دېڭىزغا بارغان بولساڭ كۆك
كىتىنىغۇ كۆرگەنسەن؟ ئۇ مېنىڭ تاغام بولىدۇ. مەن دېڭىزغا بارسام ئۇ
يەردىكى جان- جانىۋارلار كۆك كىتنىڭ جىيەنى كەپتۇ دەپ قىلمىغان
قىلىقى قالمايدۇ. لەھەڭ، يىلانبېلىق، دېڭىز شىرى دېگەنلەرغۇ كۆڭ-
لىڭىزنى ئېچىپ قويايلى دەپ ئالدىمغا كېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

چېكەتكە ياچىۋەكنى تېرىكتۈرمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— سىز بايا مەن قۇش دەۋاتاتتىڭىز، ئەمدى كۆك كىتنى تاغام
دېگىلى تۇردىڭىزغۇ؟

— مېنىڭ قۇشلىقىممۇ راست، كۆك كىتنىڭ تاغاملىقىممۇ
راست، سەنغۇ ساۋاتسىز بىر نەرسە، بىكاردىن- بىكار چىرىلداشتىن
باشقىنى ئۇقمايسەن. ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، كۆك كىت بىلەن بىز
قۇشلارنىڭ يىلتىزىمىز بىر. خالىساق سۇدا، خالىساق ئاسماندا ياشاي-
مىز. سىلەردەك كەچكىچە چاتقاللىقتىلا يۈرمەيمىز.

— سىز بۈركۈتنى كۆرگەنمۇ؟

— نېمە؟! ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك گەپ قىلىدىكەنسەن، كۆر-
گەنمۇ دېگىنىڭ نېمىسى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە چوڭ بولغان. ئۇ
مېنىڭ ھامامىنىڭ ئوغلى، ئۇچۇش، چوقۇلاش، قاماللاش دېگەندەك
ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن. ئۇمۇ ھازىر مەن
ئۆگەتكەن ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن يامان ئەمەس جاھاندارچىلىق
قىلىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ. بىراق، ئۇ بەڭۋاشراق بولۇپ قالدى، مېنى
يوقلاپ قويايمۇ دېمەيدىغۇ تاڭ.



— يولۋاس دەپ ئاڭلىغان بولغىيتىڭىز؟— چېكەتكە
يەنە قەستەن سوراپتۇ.

— قايسى يولۋاسنى دەيسەن؟ ئارىلىقتا مەن ھويلامنى

باقتۇرغان ھېلىقى يولۋاسىنغۇ كۆرگەن بولغىيتتىڭ. ھەي، دۇنيادا ئۇنىڭدەك ھۇرۇن مەخلۇق يوق جۇمۇ. نېمە دېسەڭ شۇنى تەق قىلىپ بېرەي، ھويلا - ئارامىمغا ئوبدان قارا دەپ ئىشلەتكەن گۇناھىمغا ئوغرى - بۇلاڭچىلارنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنىمۇ ئۇقماي ئۇخلاپ، نۇرغۇن مال - مۈلكۈمنى ئوغرىغا بەردى. ئۇنى ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىپ ئورنىغا شىرنى ئەكىلىپ ئىشلەتكەنىدىم، ئۇ يولۋاستىنمۇ ئۆتە بىر لەقۋا چىقتى. ئۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرگە ئوبدان قارىماقتا يوق، ئوغرى - بۇلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆيدىكى مال - مۈلكۈمنى تاغ ئۇچىغا توشۇپ كەتتى. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ئۇنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ...

ياچۇق ئۆزىنى ئۇنتۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، دانلاپ يۈرگەن بىر چار خوراز ئۇنى چوقۇلاپلا يەۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن چېكەتكە سەكرەپ - تاقلاپ قېچىپ كېتىپتۇ.





策　　划：阿丽雅·阿布都克里木
责任编辑：阿丽雅·阿布都克里木
木叶沙尔·赛买提
责任校对：阿达来提·亚合甫
封面设计：阿布都热依木·吐尔逊
电脑制作：古尔克孜·吾买尔江

# 维吾尔族童话（5）

艾合买提江·库尔班·萨比热　著

＊　＊　＊

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路14号　邮政编码：830046）
新疆新华书店发行
新疆江疆通商贸有限公司
850×1168mm　32开本　18.75印张
2005年7月第1版　2013年7月第2次印刷

＊　＊　＊

ISBN 7—5631—1969—8

总定价(1—5册)：55.00元